# ئۆگىنىش

پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال


2 - سان

2019


- ئۇستاز ئابدۇراخمان قاراجىم سەمەن
- بىزدىكى ئىللەتلەر
- ئىسلامدا ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرى
- فىرئەۋننىڭ كۈچى بولسا موسانىڭ رەببى بار
- نىجاتلىق يولى



www.uyghurkitap.com











## قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف مۇسابىقىسى

دارۇل ئىمان ئاكادېمىيىسى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋەقپى ھەمكارلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان قۇرئان يادلاش (30 پارە قۇرئاننى بىر ئولتۇرۇشتا تەجۋىد قائىدىسىگە تولۇق رىئايە قىلغان ئاساستا تېز ۋە مۇكەممەل يادلاش بويىچە) ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن 1000 ھەدىس ۋە 500 ھەدىس يادلاش ( «بغية الحفاظ من احاديث الاحكام» دېگەن ھەدىس توپلامىنى ئاساس قىلىپ ) مۇسابىقىلىشىش پائالىيىتى 25 - ئاۋغۇست يەكشەنبە كۈنى، ئىستانبۇلنىڭ زەيتۇن بۇرنۇ رايونىدىكى ئۇلۇ جامىسىدە ئۆتكۈزۈلدى.

ئەتىگەن سائەت 8 دە باشلانغان بۇ پائالىيەتكە، زەيتۇن بۇرنۇ مۇفتىلىكى، شەرقى تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ۋە بىر قىسىم دەرنەك - ۋەقپىلەردىن، ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇفتى - ئالىملار، دارۇل ئىمان ئاكادېمىيىسىدىكى ئوقۇتقۇچى ئۇستازلار، مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ماھىرلارۋە قۇرئانغا

# ئويغىنىش

ئىجتىمائىي ژورنال

(پەسىللىك)

(سىناق نۇسقا)

2019 - يىل 2 - سان



ژورنال مەسئۇلى:

مەھمۇد ئەمىن

مەسئۇل مۇھەررىر:

مۇھەممەد ئەلى

تەھرىر ھەيئەتلىرى:

مۇھەممەد ئەلى ئەمىن
ئاۋاز نۇر مۇھەممەد
نۇرمۇھەممەد ھاكىم
ئابدۇغەنى ئابلىكىم



توربەت :
www.yhhvakfi.com


## مۇندەرىجە


ئۇستاز ئابدۇراخمان قاراجىم سەمەن ........... 1

بىزدىكى ئىللەتلەر.......................... 4

ئىسلامدا ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرى- 15

فرىئەۋنىنىڭ كۆچى بولسا مۇسانىڭ رەببى بار... 26

شەرقشۇناسلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مۇددائىيا-
مەقسەتلىرى ............................... 28

نىجاتلىق يولى.............................. 52

سۇلتان سۇلايمان قانۇنى.................... 60

ھىيت بولمىدى.............................. 64




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئۇستاز ئابدۇراخمان قاراجىم سەمەن

ئابلىكىم ھىدايەتۇللاھ

ئابدۇراخمان قاراجىم ( داموللاجىم ) 1934 - يىلى قەشقەر شامالباغدا، تونۇلغان ئۆلما سەيدۇل خاتىۋاخۇنۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇيى سەمەنگە يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئابدۇراخمان قاراجىم سەمەن» دەپ مەشھۇر بولغان. ئاتىسى سەيدۇللاھ خاتىۋاخۇنۇم ھاجىم ئەينى زاماندا قەشقەر خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى بولۇپ، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى بويىچە يېتىلگەن، ئەدەب، دىنىي ئىلىملەردە تونۇلغان، كاتتا ئۆلىما ۋە مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى.

ئابدۇراخمان قاراجىم ئاتىسىنىڭ يېتەكلىشىدە، كىچىكىدىنلا ئەتراپلىق دىنىي تەلىم - تەربىيە ئېلىشقا باشلاپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. جاپا - مۇشەققەتلىك ئېغىر كۈنلەردىكى قىيىن شارائىت ۋە بېسىم، ئۇ كىشىنىڭ ئىلىمگە بولغان ئوتتەك ئىشتىياقىنى، توسۇپ قالالمىغان. چۈنكى، ئاتىسى سەيدۇللاھ خاتىۋاخۇنۇم ئوغلىنىڭ يۇمران قەلبىدە، توغرا يۆنىلىش بويىچە ئەتراپلىق يېتىلىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇنتۇلغۇسىز ئىلھامبەخش ئىزلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق قالدۇرغانىدى.

ئابدۇراخمان قاراجىم ئەينى چاغدىكى قەشقەر شەھرىگە جايلاشقان خانلىق مەدرىسىسى ۋە ساقىيە مەدرىسىسىنىڭ بۈيۈك ئۇستازلىرىدىن ھاشىماخۇن داموللام، چوڭ سەلەي داموللام قاتارلىق ئۇستازلاردا، تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، ئەقىدە، ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلام تارىخى، بالاغەت ئىلمى، ئىلمى كالام، ئەرەب ئەدەبىياتى قاتارلىق ئىلىملەرنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن ۋە بىر مەزگىل ئوقۇ - ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولغان. 1964 - يىللىرى دادىسى سەيدۇللاھ خاتىۋاخۇنۇم ھاجىم بىلەن بىرلىكتە قانخور خىتايلار قوزغىغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» سەۋەبىدىن «دىنىي ئۇنسۇر» دېگەن قالپاق بىلەن، 1966 - يىلىغا كەلگۈچە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىگە قاراشلىق مۇش يېزىسىغا پالىنىپ،

ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە سېلىنغان. 1966-يىلى تەكرار سەمەنگە قايتۇرۇلۇپ «دىنىي تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بارغان ۋە ئىدىيەسى ئۆزگەرمىگەن دىنىي ئۇنسۇر» دېگەن نام بىلەن يۈزىگە قازاننىڭ قارىسى سۈرتۈلۈپ، بويىنىغا ئېغىر دىنىي كىتابلار ئارتىلىپ پۈتۈن قەشقەر شەھەر ئىچىدە سازايى قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە تەكرار مۇش يېزىسىغا پالانغان. (ئابدۇراخمان قاراجىمنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ھېكايە قىلىنىشىچە، دادىسى سەيدۇللاھ خاتىۋاخۇنۇمغا ئېغىر كىتابلارنى ئارتىش نەتىجىسىدە بويۇن تېرىلىرى تېشىلىپ، پاتاك گۆشلىرى كۆرۈنۈپ قالغان). ئۇزۇن يىللىق زۇلۇم ۋە قىيىن-قىستاقتىن ئاجىزلاپ كەتكەن سەيدۇللاھ خاتىۋاخۇنۇم، 1975-يىلى مۇش يېزىسىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي سەمەن يېزىسىدا ۋاپات بولغان.

ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابى تۈگەپ، ئاشكارا زۇلۇم بىر مەزگىل پەسەيگەندىن كېيىن، ئابدۇراخمان قاراجىم 1984-يىللىرى ئۆز يۇرتى سەمەندە مەدرىس ئاچقان ۋە بۇ مەدرىسگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كۆپلىگەن ئوقۇغۇچى كېلىپ ئوقۇپ، ئىلىم بۇلىقىدىن سۇ ئىچكەن ۋە بۇ ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتى 1996-يىلىغا قەدەر داۋاملاشقان. 1997-يىلىغا كەلگەندە ۋەزىيەتنىڭ چىڭىپ كېتىشى سەۋەبلىك مەدرىس پۈتۈنلەي تاقالغان. 1998-يىللىرى دائىرىنى كىچىكلىتىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى سەمەندىكى ئۆز ئۆيىگە يۆتكىگەن ۋە شۇ يوسۇندا 2010-يىل ئاخىرىغا قەدەر داۋاملاشتۇرغان.

ئابدۇراخمان قاراجىم ھەنەفى مەزھەپ فىقھىسىدا يېتىشكەن ئۆلىما بولۇپ، ھەنەفى مەزھىبىدە مۆتىۋەر سانىلىدىغان «الهداية» دېگەن كىتابنى باشتىن-ئاخىر 25 قېتىمدىن كۆپ ئۆگەتكەن . ئۇ زات تەپسىر، ھەدىس، فىقھى ۋە باشقا ساھەدىكى كىتابلارنى ئۆگىتىشتە: كىتابقا قارىماستىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇغان ئىبارىتىنى ئاڭلاپلا، ھەربىر ئىبارىدە توختىلىپ، ناھايىتى ئىنچىكە چۈشەندۈرىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى.

ئابدۇراخمان قاراجىم پەتىۋا ئىشلىرىدا ناھايىتى ئېھتىياتچان كىشى بولۇپ، نىكاھ-تالاق مەسىلىلىرىدە، پەتىۋا سوراپ كەلگۈچىنى نەچچە قېتىم قايتۇرۇپ، قىلغان سۆزلىرى ھەققىدە ياخشى ئويلىنىشقا بۇيرۇيتتى. يەنە قايتا كەلگىنىدە ئەر-ئايالدىن ئايرىم-ئايرىم ناھايىتى تەپسىلىي سورايتتى. ھەر ئىشتا بەرگەن پەتىۋاسىنى رەت بويىچە: قۇرئان كەرىم، ھەدىس ۋە پىقھىدىن دەلىللەپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە مەسىلىنى ئايرىپ، مەخسۇس كاتىپقا يازدۇرۇپ، ئاستىغا ئىمزاسىنى قويۇپ، يېزىق شەكلىدىكى پەتىۋانى داۋاگەرگە بېرەتتى.

ئابدۇراخمان قاراجىم ناھايىتى تىرىشچان ۋە ئەستايىدىل ئۇستاز ئىدى. ھەركۈنلۈك دەرسنى بامداتتىن ئىككى سائەت بۇرۇن باشلايتتى ۋە ياشىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى



قالغان مەزگىللىرىدىمۇ رىيازەتتىن قورقماي بۇ ئادەتنى داۋاملاشتۇرغان ئىدى. ئۇستاز دەرسنى ئەستايىدىللىق بىلەن بەرگىنىدەك، ئىمتىھاننىمۇ ھەربىر ئوقۇغۇچىنى ئايرىم چاقىرىپ، بىردىن - بىردىن ناھايىتى قاتتىق ئالاتتى. ئىلىم تارقىتىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە شاگىرتلىرىنى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىلگىنىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە دەۋەت قىلاتتى. ئابدۇراخمان قاراجىم بىر قېتىم مەلۇم بىر شاگىرتىنى ئۈرۈمچىگە يوقلاپ كەلگىنىدە نېمە دەرس ئۆتۈۋاتقانلىقىنى سورىغان ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ھەققىي مەندە ئىلىم بېرىدىغان بىرقەدەر ۋەزنىلىك كىتابلارنى ئۆتۈشنى تەۋسىيە قىلغان. ئاندىن ئۇنىڭغا لىنتىسى ئەكەلدۇرۇپ، ۋەزنى ئېغىر بىر قانچە كىتابنى، كۈنىگە يەتتە - سەككىز سائەتتىن ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەن.

ئابدۇراخمان قاراجىم ۋەتىنىمىزدىكى ئىلىمنى خەتمى قىلىش ئىجازىتى بېرىدىغان ئاز بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭ بىرى بولۇپ، جانابى رەسۇلۇللاھقا تۇتىشىدىغان ئېنىق سەنەدى بار ئىدى. ئۆزى دەرس ئۆگەتكەن ئوقۇغۇچىلار ھەر قايسى پەنلەرنى ئوقۇپ، مۇكەممەل پىشىپ - يېتىلگىنىدە، مەخسۇس خەتتاتقا سەنەد شەجەرەسىنى رەسۇلۇللاھدىن باشلاپ ئۆزىدىن ئوقۇغۇچىسىغا قەدەر ئۇلاپ، يازدۇرۇپ بېرەتتى.

ئۇستاز ئابدۇراخمان قاراجىم 2011 - يىلىنىڭ باشلىرىدا دىئابېت كېسىلى سەۋەبلىك قاتتىق ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قىلىپ، شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى 78 يېشىدا قەشقەر شەھرى سەمەن يېزىسىدا ۋاپات بولدى.

ئاللاھ ئۇستازىمىزنىڭ ئاخىرەتتىكى دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلسۇن! پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شەھىدلەر ۋە سالىھ كىشىلەر بىلەن بىر ئورۇندا قىلسۇن! شۇنداقلا، بىزلەرنى ئۇ زاتنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭالايدىغان ۋارىسلاردىن قىلسۇن، ئامىن!

2019.8.17

◄ ئىنسان شۇ قەدەر توخۇ يۈرەككى چۈشىدە كۆرگەنلىرىدىن قورقۇپ چۆچۈيدۇ، يۈرىكى شۇ قەدەر چوڭكى ئويقۇدىن (كىچىك ئۆلۈمدىن) ئويغىنىپمۇ ئاللاھدىن قورقمايدۇ.

◄ دۇنيادا ئەڭ مۇشكۈل ئىش ئۆزىنى تۈزەشتۇر، ئەڭ ئاسان ئىش باشقىلارنى تەنقىتلەشتۇر

◄ ئۆز ئارا كەچۈرۈش رىشتىنى باغلايدۇ، ئەيىپ ئىزدەش ئارىنى داغلايدۇ.

◄ بېشىڭنى تىك تۇت، جاسارىتىڭ نامايان بولسۇن، نەزىرىڭنى پەس قىل، ئالى - جاناپلىقىڭ نامايان بولسۇن.



# بىزدىكى ئىللەتلەر

نىزامىددىن ھۈسەيىن

(ئىلگىرىكى ساندىكى «بىزدىكى ئىللەتلەر» نىڭ داۋامى)

## بىزدىكى يارامسىزلىق

بىزدە مىللەت خاراكتېرلىك مەغرۇرلۇق (قورقماسلىق روھى ھالىتى) دېگەندەك يوق. ئېچكى باراۋەرلىكمۇ يوق. سەن مېنىڭ خوجايىنىم بولمىساڭ، مەن سېنىڭ خوجايىنىڭ بولىمەن، دەيدىغان بۇ خىل ھالەت بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە ئادەملەر باراۋەرسىزلىكىنى، ئاقىۋەتتە ئادەملەر قورقۇنچاقلىقىنى يەنى قورقۇش - قورقۇتۇش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن. دېمەك، قورقۇش - قورقۇتۇش بىزنىڭ روھىمىزغا سىڭىپ كەتكەن بىر خىل نېرۋا خاراكتېرلىك جاھالەت.

«... پىر ئۇلۇغلارنىڭ غەزىپىدىن، زامانىنىڭ خېيىم - خەتىرىدىن، كۆندۈزنىڭ قازاسىدىن، كېچىنىڭ بالاسىدىن، قۇرۇق سۆز - قۇرۇق تۆھمەتتىن، زەخمەتلىك سوئال - سوراقتىن، بالا - قازادىن، دەرتتىن - ئەلەمدىن، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، تىلى يامانىنىڭ تىلىدىن، دىلى يامانىنىڭ دىلىدىن، ئىبادەتسىز دۇئادىن، لەنتى شەيتاندىن، نەپسى يامان چوڭلاردىن، پىشكەل سوپى - رودىپايدىن، خۇنخورنىڭ كۆلكىسىدىن، ئىنساپسىز موللىدىن، ۋىجدانسىز باجگىردىن پاناھ بېرىڭ خۇدايىم...»

17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان جاھالەتچى خوجا - ئىشان «چوڭ» لار زامانىدا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز - مىڭچە قورقۇشقا يېتەرلىك ئادەتلەندۈرۈلگەن ئەجدادلىرىمىز قوبۇل قىلغان بۇ «دۇئا»، «ئىلتىجا» لار شۇ زامانلاردىن كېيىنكى ئەجدادلار ھەم زاماندىش يارانلىرىمىزنىڭ روھى، قىسمەتلىرىدە داۋاملىق ساقلىنىپ كەلگەن. بىزدە ھېلىمۇ يەنىلا شۇ «دۇئا»، «ئىلتىجا» لارنىڭ تەسىرى ساقلانماقتا.

بىزدە بالا تۇغۇلۇپ بۆشۈككە چۈشمەيلا قورقۇش قەدىمىنى باسىدۇ. بۆشۈككە چۈشۈپ تاكى بۆشۈكتىن چىققۇچە «قورققاق» بوۋاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇپ بولىدۇ. بوينىغا «قورقاق تومارى» قولىغا «كۆز مۇنچاق» ئاسقىلى تۇرىمىز. بالا مېڭىشقا باشلىغاندا دەيدىغان گەپ - تاپشۇرۇق: «ئاۋايلاپ ماڭ! يىقىلىسەن»، «يىراققا بارما! بىرسى ئەپ كېتىدۇ»، «تېز ئۆيگە قايت! ئىت بار...» دەيمىز. كېچىدە يىغلىغان بالىنى «بۆۋۋ - بۆۋۋ» كەلدى، «جىن» كەلدى دەپ قورقۇتۇپ ئۇخلىتىمىز. كەپسىز بالىلارنى: «داداڭ ئۇرىدۇ»، «خىتاي ئەپ قېچىپ يەيدۇ» دەپ قورقىتىمىز. ئىشقىلىپ بالىنى قورقىتىپ، «قورقۇنچاق» چوڭ قىلىش بىزگە ئادەت بوپ قالغان، ئورۇنسىز قورقىتىشلاردىن بېزار بولمايمىز.

ئاتا - ئانىلارنى بالىلارنى قورقۇتماي چوڭ قىلىڭلار! بالىلارنى بولسا قورقماي چوڭ بولۇڭلار! ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان ئىنسانلىق غۇرۇرى، ئىنسان باراۋەرلىكى(كىشىلىك ھوقۇق) ۋۇجۇدۇڭلاردىن ئورۇن ئالسۇن... دېگەنىدەك تۇيغۇ، چاقىرىقلار بىزنىڭ بىر زامانلىق ئىنسانلىق تارىخىمىزدا، مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ باقمىدى. بالىلارنى قورقۇتۇپ چوڭ قىلىش تەقدىرى ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىۋەردى. ئىنسانلاردىن، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن، زامانلاردىن، بار نەرسىلەردىن، يوق نەرسىلەردىن قورقۇپ ياشاش ( ئومۇمەن بۇ ئالەمدە پەقەت قورقۇپلا ياشاش) بىزدىكى روھىي ھالەت تەربىيىسى ۋە ياشاش تۇيغۇسى بولۇپ كېلىۋەردى. قورقۇپ ياشاش ۋۇجۇدۇمىزغا شۇ قەدەر سىڭىپ كەتتىكى ھەقلىق قوغدىنىش. ھەقلىق قارشىلىق بىلدۈرۈش، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ئىمتىيازىنى قوغداش مۇمكىن بولغان پەيتلەردە، ھاتتاكى قانۇن بىلەن ئادالەت ياكى تۈزۈم كۈچلىرى بىلەن قوغدىنىش - قورقماسلىق مۇمكىن بولغان مۇھىت - شارائىتلار ئىچىدىمۇ قورقۇش، تىترەپ ئەيمىنىش بىزدىكى مىجەز- خۇلق بولۇپ قالدى. «توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغاندىن، يولۋاستەك بىر كۈن ياشىغان ئەلا» دېگەن تەمسىل بىزگە يات - قورقۇنچلۇق بىلىندى. بۇ ئىنسانىيەت ئالەمدە ئىنسانلارغا ئوخشاش ياشاشتىن مەھرۇم تۇرۇش، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ياشىماسلىق، قۇللۇق زېھنى بىلەن ئالەمدىن كېتىش، قەدىرسىز جانلار قاتارىدا دۇنيادىن يوقىلىش دېگەنلىك ئىدى.

بۇۋامنىڭ دادامغا دەپ بېرىشىچە، 19 - ئەسىرنىڭ ئەۋۋەلقى چارىكىدە، بۇۋام ياشىغان شەھەر - ۋىلايەتنى بىر ئامبال خىتاينىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 12 - 25 گە قەدەر چىرىك «ئەسكەر» ئىدارە قىپتىكەن. ئەپيۇننىڭ ئاسارىتىدىن كۆسەي مىلتىقىغا تايىنىپ ئاران ماڭىدىغان بىرختاي چىرىك، ھەر بىرى ئوندىن خىتاينى يىقتقىدەك قاۋۇل يىگىتلەردىن 30 - 50 نى ھەيدەپ بېكار ئەمگەككە سالىدىكەن، يىگىتلەردىن گەپ ئاڭلىماي ئىشلىمگەنلەرنى يالىڭاچلاپ دەرەخقە ئېسىپ قويۇپ باشقا يىگىتلەرگە ئۇرغۇزىدىكەن. مەن بۇ ھىكايىنى ئاڭلاپ

ئەقلىم ئىشلىمەي قالغان ئىدى.

ئاپاق خوجا تەخت - سەلتەنەتكە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بارلىق ھوقۇق، كۈچ ئىمتىيازلىرىنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى سۇندۇرۇپ، كۈچ - مادارىدىن تولۇق كەتكۈزۈشكە، ھەم ئۇلارنى خۇنخور زالىملارنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى قارشىلىقسىز، شەرتسىز، تەخىرسىز، دائىم، تولۇق، يۇۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان «مۆمىن» مەھكۇم بەندىلەردىن قىلىپ تۇتۇشقا ۋە بۇ خىل ھالەتنى ئەجدادلىرىمىز ئېڭىغا «تەقدىر» ئوقۇمى بىلەن سىڭدۈرۈشكە يەنى بۇ ئالەمدە پەقەت بويسۇنۇشقىلا يارىتىلغانلىقىغا تەن بەرگۈزۈشكە، قارشىلىق قىلالمايدىغان قىلىۋېتىشكە سەرپ قىلغان. بۇبىزگە تارىختا تۇنجى قېتىم تېڭىلغان ئاپاق خوجىچە «ئىستىقبال» ئىدى. مانا بۇ بىزدىكى قورقۇنچاقلىقنىڭ تارىختىكى مەنبەسىدۇر.

شۇنىسى ئاجايىپكى، جاھاندىكى قورقۇنچلۇق ئىشلارنىڭ ھەر قانداقىدىن قورقماسلىق - قاراملىق، ئەقىلسىزلىق بولاتتى ئەلبەتتە. لېكىن بىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش تارىخىمىزدا مۇنداق ئەقىلسىزلىق دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھاراقنى ئىچۋەرسىڭىز ئۆلىسىز، خورىئىن چەكسىڭىزمۇ ئۆلىسىز، ئادەم ئۆلتۈرسىڭىز قىساسقا قالىسىز. بۇنداق قورقۇنچلۇق ئىشلاردىن ئۆزىمىزنى تارتمايمىزيۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئىنسانچىلىق تەقدىرىمىزنى ئاياق ئاستى قىلىدىغان، تىرىكچىلىك يولىمىزغا، ئىستىقبالىمىزغا، غۇرۇرىمىزغا تېگىدىغان قەبىھ قىلمىشلارغا يولۇققاندا ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە قارشىلىق بىلدۈرۈشكە نېمە ئۈچۈن جۈرئەت قىلمايمىز؟

بىزدە قورقۇشنى يەڭگىدەك غايە، غەيرەت، قورقۇشنى يەڭگىدەك ئۇيۇشۇش كۈچى، قورقۇشنى يەڭگىدەك پەم - پاراسەت يوق دېيەرلىك. ھەر قانداق قورقۇش بىزگە قوش كۆرۈنىدۇ. قورقۇشلا بار، قورقماس روھىمىز يوق، خوجىلار زامانىسىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەجدادلار «دۇئاسى»، ئەجدادلار «ئىلتىجاسى» قەلبىمىزنى كونترول قىلىپلا تۇرىدۇ.

بىزدىكى «بولدى، مەيلى»، «بولدى، خۇدادىن كەلدى» دېگەن بۇ سۆزلەر تارىختىن بېرى بىزنىڭ خەلقىمىزنى زىيانغا ئۇچرىتىپلا كەلدى، بەزلەپلا كەلدى. مىللىتىمىزنىڭ غۇرۇرىنى يوقاتتى. بۇ خىل نېرۋا خاراكتېرلىك قورقۇش - زالىم ھۆكۈمرانلارنى يېتىشتۈرىدىغان روھىي زېمىن ئەمەسمۇ؟ بۇنداق زېمىندىن قورقۇتقۇچىلار مەڭگۈ يوقالمايدۇ. قورققۇچىلار مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. تارىختىكى جاھالەت كۈچلىرىنىڭ: «بەندىنىڭ خار ۋە ئەزىز بولىشى تۇغۇلغاندىلا پىشانىسىگە پۈتۈلگەن بولىدۇ» دېگەن سەپسەتىلىرى ئىز بېسىپلا تۇرىدۇ، خالاس. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدە ئۆزىنى ئۆزى قانۇن ۋە ئىنسانى يول بىلەن مۇداپىئە قىلىشنىڭ شەكىل ئالالماي تۇرىشىمۇ

www.uyghurkitap.com



ئەنە شۇ سەۋەپتىندۇر.

### بىزدىكى «تەقدىر» چىلىك

«تەقدىر، پىشانە» چىلىك ـ 17، ـ 18 ئەسىرلەردىكى ئەجدادلىرىمىزغا «تەرىقەت» چى جاھالەت كۈچلىرى ـ ساتقۇن سوپىلار تەرىپىدىن سىڭدۈرۈلگەن بىر خىل ئىپتىدائىي «دىنىي» ئەپسانىۋى ئەقىدە ـ تەركىدۇنياچىلىقنىڭ بىزنىڭ تىلىمىزدىكى ئاتىلىشىدۇر. بىزگە نىسبەتەن ئىنسان روھى ۋە ئىنسان قىسمىتى ئۇقۇمىدا شەرھىلىنىپ كەلگەن بۇنداق «تەقدىر ـ پىشانە» چىلىك تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، جاھالەتكە كۆنمەك، جاھالەتكە يۈزلەنمەك، جاھالەتنى روھى ئادەت ۋە روھى ھالەت قىلماق دېمەكتۇر. «قۇرئان كەرىم» ئەقىدىلىرىگە تۈپتىن زىت كېلىدىغان، ئوغرى ئۈچۈنمۇ، ئوغرىلانغۇچى ئۈچۈنمۇ، زالىم ئۈچۈنمۇ، مەزلۇم ئۈچۈنمۇ، ئاچ ئۈچۈنمۇ، توق ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا دوملاپ تۇرىدىغان بۇ «تەقدىر، پىشانە» چىلىك ـ ئەينى زامانلاردا بولۇپمۇ ئازكەم بىر ئەسىرلىك خوجا ـ ئىشانلار «خان» لىقلىرى زامانىدا ئەجداد ـ لىرىمىزنىڭ پۈتۈن ئىنسانچىلىق تەقدىرىنى خارابلاشتۇرۇشتا ئاجايىپ رول ئوينىغانىدى. ئەنە شۇ خارابلاشقان ئەجدادلىرىمىز دەل مۇشۇ «ئەقىدە» نىڭ تەسىرىدە ئۆزلىرىنى يېڭىلاش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماي، پەقەت ھاكىم خوجا ـ ئىشانلار ئۈچۈن، بىر بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۆزىنى ئۆزى بەرباد قىلىشىپ، يۇرت ـ ماكانلىرى خارابلاشقان. نۇرغۇنلىرى يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ، ئائىلىلەر ۋەيران، سەبىلەر سەرسان بولۇپ ئۆز تەقدىرىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويغان.

بىز 21 ـ ئەسىردە ياشاپمۇ بۇ خىل «ئېتىقاد» ياكى بۇ خىل «تەقدىر» چۈشەنچىسىنىڭ دامىدىن قۇتۇلالىدۇقمۇ؟ ياق، تېخى ئۈزۈل ـ كېسىل قۇتۇلالمىدۇق. كونا چۈشەنچە يېڭى چۈشەنچە بىلەن ئارىلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. توقلۇقنىمۇ «تەقدىر» دىن، ئاچلىقنىمۇ «تەقدىر» دىن، زىياننىمۇ «تەقدىر» دىن، پايدىنىمۇ «تەقدىر» دىن، ھەتتاكى ماشىنا بېسىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، قاتىل ئۆلتۈرىۋەتكەن بالىلىرىنىڭ خۇنىنىمۇ «تەقدىر» دىن كۆرىۋاتىدۇ. نېمىلا ئىش بولسا بولسۇن ھەممىنى «پىشانە» دىن كۆرۈپ ئۆتۈۋېرىدىغان ئادەملەردە، ئۆزىگە ئۆزى ئىشەنچ قىلىش، ئۆزىنى ئۆزى قوغداش، ئۆزىنى ئۆزى قەدىرلەش ۋە ئۆز كۈچىگە ئىشىنىش ئىستىكى نېمە قىلسۇن؟

بىزدە زۇلمەت ـ جەبىرنىڭ
بىزدە خارلىق ـ زەربىنىڭ
بىزدە يىغلاش ـ نالىنىڭ
بىزدە ئەرز ـ داد ـ زارىنىڭ
دەل تۈگۈنى شۇ «تەقدىر»

قىممىتىنى يوقاتقان كونا چۈشەنچىنى مەنبە قىلغان مەدەنىيەتسىز تۇرمۇش ئادىتى ـ مەدەنىيەتسىز روھى ھالەتنى مەنبە قىلغان نادانلىق ـ ئۆتمۈشتە بىزنىڭ

خەلقىمىزنىڭ قاباھەت سەلبىي قىسمىتى بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمما ئۇنىڭ قىسمەن تەسىرى بىزدە تېخىچە تۈگمەيۋاتىدۇ. ئارىمىزدا ئۆز ئارا پىتىشمايدىغان، كۆڭلى قارا، بەتنىيەت، ئىچى تار - كۆرەلمەس، ئاچكۆز، غەيۋەتخور، ھەسەدخور، ھارامخور، مەنمەنچى، يۇرتۋاز، پەسكەش، ئۇرۇشقاق، ياماندىن قورقۇپ يالاقچىلىق قىلىدىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلىدىغان، پەزىلەتسىز، كىشىلىرىمىز خېلى بار.

دەرۋەقە، بىزدىكى بۇنداق تۇرمۇش سۈپەتسىزلىكى، مىجەز سۈپەتسىزلىكى، ئەخلاق سۈپەتسىزلىكى، مەدەنىيەت سۈپەتسىزلىكى دۇنيادا بىزنى سۈپەتسىز، نومۇسسىز خەقلەر قاتارىغا ئۆتكۈزۈپ قويىۋاتىدۇ. باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قېلىۋاتىمىز. ئوقۇمىغان نادان ئادەملەردە ھەقىقەت بولمايدۇ. ئوقۇمىغان - نادان ئادەملەر نامراتلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ. بايلىق بولغان بىلەن مەدەنىيەت بولمىسا، ئۆزىنى گۈللەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. نادانلىقتىن - جاھىللىقتىن ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرمىساق تەرەققىي قىلمىز، ھۆرلۈككە چىقمىز دېگىنىمىز بىكار.

### بىزدىكى ئەڭ قەبىھ ئىللەت - نەسلگە ۋاپاسىزلىق

ئاتا - ئانىلارنىڭ مېھرى - شەپقىتىدىن، مەكتەپلەرنىڭ ئىللىق قوينىدىن، جامائەت ۋە جەمئىيەتنىڭ، غەم - خورلۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ، مائارىپسىز نادان قىلىۋاتقان، تەربىيەسىز قىلىپ سەرگەردان - سەرسانچىلىقتا تۈگىشىپ كېتىۋاتقان، ھالاكەتلىك تۇرمۇش ساھەلىرىنىڭ ھەممە قىسمەتلىرىدە تېگىرقاپ ياش تۆكۈپ يۈرگەن ئۇيغۇر بالىلىرى بىزدە ئازمۇ؟ ياق، ئاز ئەمەس، بەلكى كۆپىيىپ تۇرىۋاتىدۇ. مېنىڭچە بۇنى تارىخىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىنتايىن يامان مىللىي پاجىئەلەردىن بىرى دېمەي تۇرالمايمىز ئەلبەتتە.

ئاقىۋەتتە مىللىي خورلۇق، مىللىي نومۇس، ۋە قاتتىق مىللىي نادامەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، چىقىرىۋاتقان ۋە ئۇنى تېزلىتىۋاتقان بۇنداق يامان پاجىئە بىزگە نەدىن ۋە كىملەردىن كېلىۋاتىدۇ؟ بىرلا جاۋاپ - ئاساسەن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزدىن، ئۆز كىشىلىرىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ.

بىر قىسىم ئائىلىلەردە ئەرلەر مۇستەبىتلىكىنىڭ ئېغىرلىقى، ئاياللار خورلۇقىنىڭ داۋاملىشىشى، تولا ئاجرىشىش، كۆپ نىكاھلىنىشنىڭ ئەۋج ئېلىشى، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك، خوتۇن پەرەسلىك ۋە بالىلارنىڭ ئوقۇشسىز قالدۇرۇلۇشى، يېتىم بالىلارنىڭ كۆپىيىشىنى، ياش ئۆسمۈرلەر ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇشىنى، ئەۋلادلار ۋەيرانچىلىقلىرىنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشىنى، ۋە ئاقىۋەت ياش - ئۆسمۈرلەر تەقدىرىنىڭ نابۇت بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە چىقىرىۋاتىدۇ.

ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى مەلۇم ناھىيەنىڭ ئوخشىمىغان تۆت يېزا-كەنتىدە (ھەر بىر كەنتتە تەخمىنەن 300 ئائىلە بولۇپ جەمئى 1200 ئائىلە بويىچە 5 يىل كۆزىتىش جەريانىدا) ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، شەھەر-بازار تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ يۈز بېرىۋاتقان، ئائىلە، نىكاھ مەسىلىلىرىنى، ئانا-بالىلار ھادىسىلىرى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ تەكشۈرۈلگەن. بۇ كەنت كوچىلىرىدا تەخمىنەن 1300 ئەتراپىدىكى ئائىلىلەردىن بەش يىل ئىچىدە، ئەرلەرنىڭ زومىگەرلىكىدىن ئاجراشقان ئاياللار، شۇ جايدا ئاجراشقانلارنىڭ 87% نى، ئېرى تاشلاپ كەتكەن ئاياللار شۇ يەردىكى نىكاھلانغان ئايالللارنىڭ 7% نى، ئەرلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن «تىرىك يېتىم» قالغان، تاشلىنىپ قالغان، يوقاپ كەتكەن، كىشىلەر بېقىۋېلىپ تۇرغان بالىلار شۇ جايلاردىكى ئومۇمى يېتىم بالىلارنىڭ 45% نى، ئەرلىرىنىڭ خورلىشىدىن كېسەلچان بولۇپ ئۆلگەن ئايالللار، ئايالللارنىڭ 4% نى، ئەرلىرى سەۋەبىدىن سەرسان بولۇپ يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن ئايالللار 2% نى تەشكىل قىلغان.

مەزكۇر كەنتتىكى بىر ئائىلە ئايالى ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى بايان قىلىپ شۇنداق ئېيتىدۇ: «بىز توي قىلىپ ئۈچ پەرزەنتلىك بولدۇق. بالىلارنىڭ چوڭى 14 ياش، كىچىكى تۆت ياش... يولدىشىم يوقسۇل بولغاچقا توي قىلىپ بىزنىڭ ئۆيگە ئىچ كۈيوغۇل بولۇپ كىرگەن. بالىلىق بولغىنىمىزدا دادام ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بەردى. دادامنىڭ ياردىمى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتۇق. يولدىشىم دادامنىڭ سەرمايىسى بىلەن كىچىك تىجارەت قىلىشقا باشلىدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ تىجارىتى زورايدى، پۇل تاپتى، يۈز ئابروي قازاندى. ئاخىرى مەندىن يىراقلىششقا باشلىدى، كۆنلەرچە ئۆيگە قايتمايدىغان، يۇرت ئارىلاپ، دۆلەت ئاتلاپ تىجارەت قىلىدىغان بولدى. دادام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مېنى ئۇرىدىغان، ھاقارەتلەيدىغان، بالىلارنى تىللايدىغان بولىۋالدى... ئاخىرى بىر ئەرگە تۆت ئايال راۋاكەن كۆپ خوتۇن ئېلىش سۈننەتكەن دەپ، ئۆيگە يېڭى «چوكان» ئەكىردى. چىداشقا مەجبۇر بولدۇم، چۈنكى بالىلىرىمنىڭ «تىرىك» يېتىم بولۇشىنى خالىمايتتىم. ھەر كۈنى تاياق-دۇمبالىنىش مىنىڭ كۈندىلىك ئادىتىمگە ئايلاندى، ... تاياق زەربىسىدىن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدىم. يولدىشىم كىر يۇيۇپ، تاماق ئېتىش ئېغىر كەلدىمۇ دەپ ئاچچىقى يانغىچە ئۇرۇپ تىللاپ ئۈچ بالا بىلەن مېنى تاشلاپ كېتىپ قالدى... 15 ياشلىق چوڭ ئوغلۇم تۆت جاننىڭ قوساق غېمىنى قىلىش ئۈچۈن مەكتەپتىن قالدى. ئۇنىڭ يولدىن تېرىپ يىغقان قەغەز ۋە بوتۇلكىلارنى سېتىپ

تاپقان پۇلى بىلەن جېنىمىزنى باقالماي تۇرغاندا كېسەلىم ئېغىرلاشتى. ئامالسىزلىقتىن بالامنىڭ ئىككىنجىسى 10 ياشلىق قىزىم قوشنا كەنت ـ بازارلاردا تىلەمچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 8 ياشلىق كىچىك قىزىم ماڭا قاراش ئۈچۈن مەكتەپكە بارالمىدى...

ئاتا ۋاپاسىزلىقىغا يولۇققان ۋە يولۇقۇۋاتقان سانسىزلىغان پاناھسىز «ئىستىقبالى تۇيۇق» بالىلار ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكىنىڭ نېمە بولىشىنى ئويلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، باش تىققىدەك يەر، قوساق تويغىدەك نان يوق تېڭىرقاپ يۈرۈشمەكتە. مىللىتىمىزنىڭ ئاۋانگارتلىرى ـ ئائىلە باشلىقى ـ كېلەچەك ئەۋلادلار مەسئۇلى ھېسابلانغان ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ئەرلەر مۇستەبىتلىكى، ئانىلارنى خورلاش ئادىتى، بالىلارنى تاشلىۋېتىش، بۇزۇقچىلىققا بېرىلىش...قىلمىشلىرى ئەۋجگە چىققان جەمئىيەتتە ئانا ـ بالىلار خورلىقىنىڭ، ئانا ـ بالىلار ۋەيرانچىلىقىنىڭ، ئانا ـ بالىلار بۇزۇقچىلىقىنىڭ ۋە باشقا ئىجتىمائى پاجىئەلەرنىڭ كېلىپ چىقماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ خورلۇق، ئازاپ، كىشىلەرنى ھېچنېمىدىن قورقماس قىلىۋەتمەمدۇ؟. ئەپسۇس! مىڭلارچە ئەپسۇس!!! ئالىم ـ ئۆلىمالار، زىيالىلار، جامائەت ئەربابلىرى ئۇيغۇر جەمئىيتىمىزدە خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەمما ئۇلاردىن بۇنداق ئاقىۋەتنى پاجىئەلىك ئىشلاردىن توسىدىغانلىرىدىن، ئاشۇ ئىللەتلەرگە مۇپتىلا بولغانلىرى كۆپ.

قىز ـ يىگىتلىرىمىزنىڭ نىكاھ، ئائىلە، مۇھەببەت، ئەۋلاد قارىشىدىمۇ بالىلار ۋە بالىلار تەربىيىسىنى كۆزدە تۇتمايدىغان نوقسانلار بەك ئېغىر. بەزى قىز ـ يىگىتلىرىمىز «بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قىلىپ»، چىرايلىق گەپ، شېرىن سۆزلەرگە مەست بولۇپ، كەلگۈسى تۇرمۇشنىڭ قانداق بولىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۆلگۈرمەيلا تولىمۇ يەڭگىللىك بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش رازىلىقىنى بېرىشىدۇ. ئۇلار تۇرمۇش قۇرۇش ئالدىدىكى بىر ـ بىرىنى تونۇشى كەمچىل، ئۆزلىرىنى كەلگۈسىدە ئاتا ـ ئانا بولىدىغانلىقلىرىغا ئىددىيەدە تەييارلىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئارىدا بارا ـ بارا سوۋۇش باشلىنىدۇ. ئۇلار ئاجراشمىغان تەقدىردىمۇ ئايال ئۆيدە، ئەر تالادا يۈرىدۇ. ياش ئايال بولسا: «ھېلىقى شېرىن سۆزلەر، تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلەر قېنى؟» دېگەن خىياللار بىلەن روھي جەھەتتىن ئازابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىنىڭ كۆڭۈلسىزلىك تارىخى باشلىنىدۇ. بۇنداق كۆڭۈلسىزلىك تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا بولغۇسى بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بۇزىدىغان ئاقىۋەتلەر بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. يەنى ئالايلى، نازۇكلۇق، سىپايىلىك، خۇش مۇئامىلىچىلىك قىزلارغا خاس خۇسۇسىيەت. براق تۇرمۇش قۇرغان بەزى قىزلار ئاسانلا ئۆزگىرىدۇ. سەۋەبى سىرتقى مۇھىتنىڭ، ئەتراپتىكى ئادەملەرنىڭ ۋە ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرگە تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بەزىدە ئەرمۇ ئايالنىڭ مىجەزىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. ئەر بىلەن ئايالنىڭ ھاياتقا ئائىتلىق قارىشى بىردەك بولمايمۇ قالىدۇ-دە، قىز-يىگىتلەرمۇھەببىتىگە دەز پەيدا بولىدۇ. «ئۈچمە كۆڭۈل قىز-يىگىتلەر»، «قىزىپ-سوۋۇپ تۇرىدىغان»لار، «ھەڭگايىغانغا دىڭگايدىغان»لار، «دەرتمەن»... لەرنىڭ بىر قىسمى ئەنە شۇ خىل دەزلەردىن بىخلاپ چىقىدۇ-دە ئاقىۋەت «ئائىلە بەختى-خاتىرجەملىك بۇزۇلىدۇ. تۇغۇلۇپ بولغان بالىلارنىڭ «تىرىك يېتىم»لىكى، ۋەيرانچىلىقى، ھالاكىتى كېلىپ چىقىدۇ. جەمئىيىتىمىزدە ھەقىقى ئىشقى مۇھەببەت ئۇقۇمىنى جىنسى «مۇھەببەت»، شەھۋانى «مۇھەببەت» (جوپلىشىش) ئۇقۇمىدىن چۈشۈنىدىغانلار، قارايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. «باشلىغاندا ئوتتەك، ئوتتۇرا يولدا يوقتەك، كونىرىغاندا پوقتەك» ئۆتۈنۈشۈۋاتقان، نىكاھ زىندىنى گەۋدىسىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، جىق ئۆيلىنىشنى «نوچىلىق»، جىق ياتلىق بولۇشنى «ئىرادە»-«رىسقىنى تاپقان»لىق... قىلىۋالغان نىكاھ بىدىكلىرى ئەنە شۇ شەھۋانى «مۇھەببەت»نىڭ مەھسۇلى. دىمەك، ئالدىراپ باغلانغان يۈزەكى مۇھەببەت- ھەڭگايىغاندا دىڭگايىغانلار «مۇھەببىتى»، ياكى جىنسى «مۇھەببەت»لەر ھەقىقى مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى بېسىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ياشلارنى تۈزىتىپ بولمايدىغان خاتالىقلارغا ئېلىپ كېلىشى تۇرغان گەپ.

مەن ئەنە شۇنداق جىنسى «مۇھەببەت»نىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بىر جۈپ «بالا ئەر-ئايال»نى ئۇچراتتىم. قىز 18 ياش، ئوغۇل 20 ياش بولۇپ، ئوتتۇرا ھال تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئاتا-ئانىلىرىغا بېقىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بۇ ئىككى ياش، تونۇجى قېتىم كوچىدا تاسادىپى ئۇچرۇشقان، ئۇچرىشىش ئىككى-ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندا كۆزلەر ئۇچرىشىشى باشلانغان، بارا-بارا كۆزلەر ئۇچرىشىشى يۈزلەر ئۇچرىشىشى، ئېغىزلار ئۇچرىشىشى، نامازشام ئۇچرىشىشى، خالى يەر ئۇچرىشىشلىرىغا ئۆرلىگەن. «ئالىمەن-تېگىمەن» قىزغىنلىقى بۇ ئىككى ياشنىڭ ئۆلسىمۇ يانمايدىغان، ھېچقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايدىغان «مۇھەببەت ئىرادىسى» بولۇپ قالغان. تۆرلۈك مۇھەببەت كېپىللىكى ئارقىلىق ئاتا-ئانىلار زور مىقداردا خىراجەت قىلىپ بۇ ئىككىسىنىڭ توينى قىلىپ بەرگەن. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتمەي تۇرۇپلا يىگىت بىلەن چوكاننىڭ «مۇھەببەت» ئوتلىرى ئاربلاپ-ئاربلاپ «سەندىن مەن قالامتىم» نىڭ تەسىرىدە تازا ياڭقۇنجاشتىن سىلكىپ تۆتۈنلەشكە باشلىغان. «كۇنلەش»، «ئاغزى بېزەپ»لىك، «جابدۇنۇش»، «ئېغىر تەلەپ»... لىك ئىللەتلىرى ئىككى ياش ئوتتۇرىسىدا توختىمايدىغان «كېلىشەلمەسلىك» بولغىلى

تۇرغان. بارا - بارا بۇ «كىلىشەلمەسلىك» ھەر خىل جېدەل - ماجىرالار( ياقىدىن ئېلىش، تاياق يېيىش، تاشلىۋېتىش، ۋە باشقا سەتلىشىشلەر) نى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنداق قىلىپ بويىدا قالغىلى ئۈچ ئاي بولغان چوكانچاق خېنىم توي قىلىپ تۆت ئاي ئۆتەر - ئۆتمەيلا يامانلاپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋالغان. يىگىت ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ كېلىنىنى «ئاغزى يامان»، «قىلىقى سەت»لىكتە ئەيىپلەپ قايتۇرۇپ ئەكەلگىلى بارمىغان. يىگىتنىڭ كۆزى باشقىلارنى ئۆۋلاشقا باشلىغاندە ئايالنى تاشلىۋەتكەن. دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بوۋاق «تىرىك يېتىم» لىك قالپىقىنى كېيگەن. ئاخىرى تۇغۇلغىنىغا يېرىم ئاي توشمىغان بوۋاق «ئەسكىنىڭ پۇشتى»، «بۇزۇقنىڭ كۈچۈكى»... دەپ ئەيىپلىنىپ، بوۋاق موملىرى، ئاتا - ئانىسىدىن ھېچكىمنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشەلمەي، مازارلىققا تاشلىۋېتىلگەن. بۇمەسۇم بوۋاقنى دۇئاگويلۇق بىلەن ئۆمرىنى مازارلىقتا ئۆتكۈزگەن بوۋاي « خۇدا بەردى» دەپ ئات قويۇپ بېقىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن تىلەمچىلەر تائىپىسىگە بىر «گۆدەك تىلەمچى» قوشۇلغان.

بىزدە تاشلىۋېتىلگەن، بوغۇپ تۇنجۇقتۇرۇلغان، ئۆيدىن قوغلىنىپ تىلەمچى بېدىكلىرىگە، بالا بېدىكلىرىگە، خروئىن ھايانكەشلىرىگە قول بولغان نارىسىدىلەرنىڭ سانىنى كىم بىلەر؟! كەلگۈسىگە «تىرىك يېتىم - يېتىمە» لەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشىدىغان، ئۆز پۇشتىدىن بىزار مۇشۇنداق «مۇھەببەت»چىلەر بىزدە ئازمۇ؟ بۇلارنىڭ ئوت - ئۇۋالى (قىساسى) كىمگە؟ مىللىتىمىز تەركىبىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان بۇنداق رەسۋا، قەبىھ «مۇھەببەتچىلەرنى بىزنىڭ ئەيىپلەپ، تەربىيلەپ تۈزىتىش قۇدرىتىمىز زادى قانچىلىك؟

بىزدە ئۆزىنىڭ ئۆمۈر تەقدىرىنى، جاھاندارچىلىقنىڭ تەقدىرىنى پەقەت پۇلغىلا قاراتقان كىشىلەر ئىنتايىن كۆپ. پۇل - ۋەج ئۈچۈن ھەممىنى قىلىش، پۇل - ۋەجنى دۇنيادا ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇش، پۇلنى ئادەمنىڭ قىممەت ئۆلچىمى، ئىنسانلىق خىسلىتى قىلىشقان پەسكەش ئىنسانلار ھەر ساھەدە يېتەرلىك سانىنى ئىگىلەيدۇ. دېمەك پۇل - ۋەج ئۇلارنىڭ ئەخلاق قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، ۋىجدان قارىشى، تۇرمۇش، تەقدىر قارىشىنىڭ يىلتىزى. بايلىققىلا تۇنىش - مېنىڭچە كۆپىنچە ھاللاردا بايلىققىلا چوقۇنۇشنى، شەخسىيەتچىلىكنى، كەيپ - ساپاچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ - دە، كىشىلىك غايە مىللى تۇيغۇ، ئەخلاقتا ئېغىر دەرىجىدە قېيىش ۋە غولاشنى پەيدا قىلىدۇ. ئوچۇقراق ئېيتقاندا بايلىققىلا تۇنىدىغان جەمئىيەت كىشىلىرى مەۋجۇت مەنىۋىيەت كۈچلىرىدىن ھەتتاكى نەچچە ئەۋلات كىشىلىرىنىڭ ساغلام روھىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. «پۇل تاپالىغان

قەھرىمان» دېگۈچىلەرنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق بىر تەرىپى ـ ئۇلار: ھەممە ئادەمنىڭ پۇل توغرىلىق سۆزلىشىشىنى، پۇلنى ئويلىشىشىنى، پۇل تېپىشقا بېرىلىشىنى، شۇنداقلا پۇل ئۈچۈن ساختىلىق قىلىشىنى، بىر ـ بىرىگە ئورا كولىشىنى، ئالدامچىلىق قىلىشىنى، ئۆلە ـ تىرىلىشكە قارىماي خەتەرلىك ھاڭلارغا مىڭىشىنى... جەمئىيەت قىسمىتى قىلىشتىن يالتايمايدۇ. پۇلغا تۇنۇش غايىسىنى جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق دائىرىسىگە سۆرەپ كىرىدۇ. مەنىۋى مەدىنىيەتنىڭ ھەممە تەركىبلىرى ( ئىدېئولوگىيە، تارىخ، مەدەنىيەت، سەنئەت، ئەخلاق، سىياسەت، مائارىپ... ساھەلىرى) گە سەل قارايدۇ. دېمەك جەمئىيەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى پەقەت «پۇل مۇناسىۋەتى» قىلىشىدىغان ئۇنداق كىشىلەر ۋە ئۇنداق قىلىقلاردىن مىللىتىگە، خەلقىگە، ئەۋلادىغا، ۋەتىنىگە ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە ۋاپا، ئىستىقبال كېلىدۇ دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر پۇل چەمبىرىكىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولغان روھىي دۇنيايىمىزنى توسۇۋېلىشىغا يول قويىدىغان بولساق، مىللى تەقدىرىمىزنىڭ كەلگۈسى نېمە بولار؟

پەقەت بايلىققىلا ئېتىقاد باغلىغان ـ «ئىت بول، ئېشەك بول، پۇل تاپ» قىلا تۇرغان بەزىبىر كىشىلىرىمىزنىڭ پۇلنىلا دەپ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەيىمىزگە، ياش ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرى قىسمەتلىرىگە، جەمئىيىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا، ھەر بىرىمىزنىڭ ۋىجدان، غۇرۇرىمىزغا قىلىۋاتقان زىيانكەشلىك (ئاڭلىق، ئاڭسىز قىلىۋاتقان زىيانكەشلىك) قىلمىشلىرىدىن بىز نەپرەتلەنمەي تۇرالمايمىز.

ياش ئەۋلادلارنى مائارىپسىز قالدۇرۇپ «ھۈنەر»گە، «تىجارەت»كە، «پۇل تېپىش»قا باشلاۋاتقان كىشىلەردە دەرۋەقە مىنىڭچە ياش ئەۋلادلارنىڭ ساپاسىنى، سۈپىتىنى، مەۋجۇت تۇرۇش ئىقتىدارىنى، ئىستىقبالىنى، ئۆمۈر تەقدىرىنى ئويلاشقىدەك ئاڭلىق ئىقتىدار يوق. ئوقۇتۇپ، بىلدۇرۇپ ئاڭلىق ھۈنەرۋەن، ئاڭلىق تىجارەتچى، ئاڭلىق پۇل تاپقۇچى... قىلىش پاراستى تېخىمۇ يوق. ئادەملەرنىڭ پۇلسىز، يەر ـ مۈلۈكسىز قېلىشى ئانچە ئېچىنىشلىق ئەمەس. ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممىتىنى يوقىتىش ئېچىنىشلىق دېگەن ئوقۇم تېخىمۇ يوق. ئۇلار ئىنسانلار نىڭ خورلۇقى ـ جاھىللىق ۋە نادانلىقتىن باشلىنىدىغانلىقىنى ھېسمۇ قىلىشالمايدۇ. بىز ئەنە شۇنداق تەركىبىمىزنىڭ ئاڭسىز، پىكىر ـ پاساھىتىنىڭ تايىنى يوق، مەۋقەلىرى تۇراقسىز، مۇلاھىزىلىرى چۇۋالچاق،. بىر ـ بىرىگە زىت چۈشەنچىلىك، ۋىجدان ـ غۇرۇرى يوق قەدىرى كۆل ـ توپراق نادان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بولغانلىقى بىلەنمۇ خۇرسەنمىز، ئەلبەتتە.

«پۇلى يوقنىڭ جېنى يوق»، « پۇل

تاپقان باتۇر»... ئۇقۇمنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى پۇل ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا، ھېچنېمىدىن يانماسلىققا، ھەممىدىن ۋاز كېچىشكە چاقىرىشماقتا. بىزدە نەسلى-نەسەب مۇناپىقلىرى باش كۆتۈرگەن. ئۇلار بىر قىسىم ياش ئەۋلادلار ئېڭىغا مائارىپسىز قېلىپ جەمئىيەتتە تەمتىرەشكە دۇچ كېلىۋاتقان بىر قىسىم غۇنچىلار بولۇپمۇ پاناھسىز قېلىۋاتقان سەغىرە باللارنى سېتىۋېتىدىغان، ئالداپ ھەر خىل يامان ئىشلارغا سالىدىغان، يامان يوللارغا باشلايدىغانلار پەقەت پۇلغىلا ئەقىدە باغلىغان قانداش، دىنداش، -ئۆز كىشىلىرىمىز ئەمەسمۇ؟ ياش كىچىك قىزلارنى بۇزۇقچىلىققا تۇتۇپ بېرىۋاتقان، باشلاۋاتقان- رەسۋا ھەمشىرە دەللاللىرىمىزچۇ تېخى؟ جەمئىيەتتە ئاتا-ئانىلىرىنى زار-زار قاخشىتىپ ياكى ئەلەمدە قالدۇرۇپ ئوغرى، يانچۇقچى، بۇلاڭچى، خروئىنچى...جىنايەتچى بولۇپ كېتىۋاتقان ياش غۇنچىلارنىڭ يېتەكچى«ئۇستاز»لىرى يەنىلا پۇلخۇمار ئاغلاقچى (لوبەن) ئۇيغۇرلار ئەمەسمۇ؟ ھەتتا پۇل ئۈچۈن ھېچقانداق قىلمىشتىن يانمايدىغان بەزىبىر ئاغلاقچىلىرىمىز جەمئىيىتىمىزدە ئازغان باللاردىن ئوغرىلىق، يانچۇقچىلىق، بۇلاڭچىلىق، خروئىنچىلىق، جېدەل، تۆھمەت...لەر بويىچە مەخسۇس «قوشۇن»لارنى تەشكىللەپ، ئۆزىمىزدە جۇملىدىن ئۆزىمىزدىن سىرتقى جايلاردا «پۇل تېپىش»قا تۇتۇنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ جايلاردىكى بىر قىسىم ئائىلىلەر ئارىسىدا «ئۇيغۇر» دېگەن نامغا نومۇس دېغىمۇ چاپلاشتىغۇ؟ بۇ بىزگە ئۆزىمىزدىن كەلگەن ئىززەت، غۇرۇر يوقىتىش شەپىسى ئەمەسمۇ؟ شان-شۆھرىتىمىز ۋە ئەخلاقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىناۋىتىگە، پاك-ساددا غۇرۇرىمىزغا ئەڭ يامان داغلارنى قوشۇپ قويۇۋاتقان بۇ خىل «پۇلخۇمار» ئەۋلاد رەقىبلىرىگە نىسبەتەن ھومىيىش، غەزەپ نەپرەت بىلەن دەككە بېرىش بىزدە ئادەت شەكلىدە شەكىللەندىمۇ؟ ياق، شەكىللەنمىدى، ئاڭلاپ قويۇپ، كۆرۈپ قويۇپ، سۆزلەپ قويۇپلا ھاڭۋېقىپ ئۆتۈۋاتىمىز. شۇڭا، مەھەللە كويلىرىمىزدىن بۇنداق يامان ئادەملەر ئۈزۈلمەي چىقىپ، ئۈزۈلمەي ھەرىكەت قىلىپ «پۇل تېپىش»لىرىدىن توختىمايۋاتىدۇ. بىزدىكى بۇنداق قاباھەت مىللى پاجىئەنى توسقىدەك، چەكلىگۈدەك كۈچ-مادارىمىز يوقمۇ؟ خەلق كۈچى، زامان كۈچى، مىللى ئەخلاق، مىللى ئادەت كۈچى... دېگەنلەر ھازىرقى « پۇل كۈچى» ئالدىدا بىقۇۋۇللۇق(ئامالسىزلىق) كۆرسىتىۋاتامدۇ نېمە؟ كۈچلۈك ئەيىبلەشكە چەكلەشكە ئۇچرىمىغان بۇنداق ئىللەت بىزنى نەگىمۇ ئاپىرار؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






(ئەزھەرنىڭ 2012 - يىلى ئاۋغۇست ئېيىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان مۇھەممەد رەشىد رىزا نىڭ ماقالىسى )

تەرجىمە قىلغۇچى ئابدۇرەھىم ياسىن

ئىسلامدىن ئىلگىرى ئاياللار زۇلۇمغا ئۇچرايتتى، خورلىناتتى، قۇل قىلىناتتى، بۇ ئەھۋال بارلىق مىللەتلەردە، ئۇلارنىڭ ئېتىقات قىلغان دىن-مەزھەبلەردە ۋە ئۆزلىرى تۈزۈۋالغان قانۇنلاردا شۇنداق ئىدى، ئەھلى كىتابلاردىمۇ شۇنداق ئىدى. ئاللاھ تائالا ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى كامىل قىلدى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان كىتابىدا ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىنى سۆز- ھەركەتلىرى بىلەن شەرھلەپ بەرگەن ئەشۇ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدە، ئەرلەرنى بەھرىمەن قىلغان ھوقۇقلاردىن ئاياللارنىمۇ بەھرىمەن قىلدى. لېكىن ئاياللارنىڭ ئۆزگىچە تەبىئىتى ۋە ئۇلارغا خاس فىزىئولوگىيەلىك فۇنكسىيەسى تەقەززا قىلغان ھۆكۈملەردە ئاياللار ئەرلەرگە ئوخشىمايدۇ. بۇ ئاياللارغا كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق قىلىش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش پىرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلغان ئاساستا شۇنداق بولغان. ئىبنى ئەساكىر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاياللارنى پەقەت ئېسىل ئادەم ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇلارنى پەقەت پەس ئادەم خورلايدۇ».

دانىشمەن ساھابىلەر ئەرەب خەلقىدىكى رەزىللىك، زۇلۇم ، بۇزۇقچىلىقلارنى ئىسلامنىڭ ئىسلاھ قىلغانلىقىنى، ناھايىتى كاتتا ئىش دەپ بىلىپ، ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىلى دەپ قارىغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى، ئەرەبلەردىن ئىلىم ۋە بالاغەتتىلا ئەمەس، بەلكى ساغلام تەبىئەت ۋە ئەخلاق جەھەتتىمۇ ئۈستۈن ئىدى.

شۇڭلاشقا ئاۋام-خەلق ئىشلىرىنى ئىدارە

قىلىش، ئادالەت بەرپا قىلىش ۋە زەپەرلەردىكى ئىسلام سىياستى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈننىتىنىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئەڭ ياخشى ئىجراچىسى، بۈيۈك ئىسلاھاتچى ئۆمەر ئىبن خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئىسلامدا جاھىلىيەتنى تونۇمىغان كىشلەر پەيدا بولسا، چوقۇمكى ئىسلامنىڭ تۈتقا ـ ئاساسلىرى بىردىن ـ بىردىن ۋەيران قىلىنىدۇ» دىگەن ئىدى.

ئۆمەر ئىبن خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىدىن خەۋەردار بولسا ئىدى، مەيلى بۇددىست، مەيلى ئەھلى كىتاب، مەيلى ياۋايى، مەيلى مەدەنى بولسۇن پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھاتنى ئىسلامنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى تېخمۇ بىلگەن بولاتتى.

مەن بۇ يەردە «ئاياللارغا خىتاب» دەپ ئاتىغان ئىسلامدىكى ئاياللار ھوقۇقلىرى ھەققىدىكى ئوتتۇرا ھەجىملىك كىتابىمدا بايان قىلغان ئاياللار ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىنى كۆرسۈتۈپ ئۆتىمەن، مەن بۇ كىتابىمنىڭ مۇقەددىمىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلىشىدىن بۇرۇن يەر يۈزىدە بارلىق خەلقلەردىكى ئاياللارنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە مۇنداق بايان قىلدىم: «ئاياللار ھايۋانات ۋە نەرسە كېرەكلەرگە ئوخشاش ئېلىم ـ سېتىم قىلىناتتى، توي قىلىشقا، زىنا قىلىشقا مەجبۇرلىناتتى، ئۇلاردىن مىراس ئېلىناتتى، مىراس

بېرىلمەيتى، ئۇلارباشقىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى يوق ئىدى.

ئاياللارنىڭ ئىگىدارلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى ئاياللارنىڭ، ئەرلەرنىڭ رۇخستىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆزماللىرىنى تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىنى چەكلەيتى. ئىگىدارلار ئاياللارنىڭ ماللىرىدا، ئۇلارنىڭ ئەمەس بەلكى ئەرلىرىنىڭ تەسەررۇپ قىلىش ھەققى بار دەپ قارايتى.

بەزى دۆلەتلەردە ئەرلەر: ئاياللار ئۆلمەس روھقا ئىگە، جېنى بار ئىنسانمۇ؟ ئەمەسمۇ؟ ئەرلەرگە ئوخشامدۇ؟ ئاياللارنىڭ دىننى ئۆگۈنىشى، ئىبادەت قىلىشى دۇرۇس بولامدۇ؟ ۋە ئۇلار ئاخىرەتتىكى سەلتەنەت ياكى جەننەتكە كىرەمدۇ؟ دىگەنلەر ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشقان ئىدى. شۇڭلاشقا رىمدىكى جەمىيەتلەرنىڭ بىرى شۇنداق قارار چىقارغانكى: ئاياللار نىجىس جانلىقلار، ئۇلارنىڭ روھى يوق، باقىۋەندە ئەمەس، لېكىن، ئۇلارغا ئىبادەت ۋە خىزمەت قىلىش ۋاجىب، كۈلۈش ۋە سۆزلەشتىن چەكلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى غالجىر ئىت ۋە تۆگىلەرنى يۈگەنلىگەنگە ئوخشاش يۈگەنلەش كېرەك، چۈنكى ئۇلار شەيتاننىڭ سىرتماقلىرىدۇر.

ئەڭ بۈيۈك دىنى قانۇن ئاتىغا ئۆز قىزىنى سېتىشقا رۇخسەت قىلاتتى، بەزى ئەرەبلەر ئاتىنىڭ ئۆز قىزىنى ئۆلتۈرۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ھەتتا تىرىك كۆمۈش ھەققى بار دەپ قارايتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەر كىشى ئايالنى ئۆلتۈرۈۋەتسە قىساس ئېلىنمايدۇ، تۆلەممۇ تۆلىتىلمەيدۇ دەپ قارايدىغانلارمۇ بار ئىدى».

ئىسلامدىكى ئاياللارنىڭ ئىقتىسادى ھوقۇقلىرى ھەققىدىكى سۆز بېشىدا مۇنداق يازدىم: «ئىسلام دىنى ئەرەب ۋە ئەجەملەرنىڭ ئاياللارنى ئىگىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش ياكى مال - مۈلكىدە تەسەررۇپ قىلىشقا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇش ۋە ئەرلىك ئاياللارنىڭ ئەرلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ماللىرىنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋېلىشى قاتارلىق ئادەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

ئىسلام دىنى ئاياللارغا ئىگىلىك ھوقۇقلىرىنى ۋە تۈرلۈك قانۇنى تەسەررۇپ ھوقۇقلىرىنى بېرىپلا قالماستىن، ئۇلارغا يەنە ئەرلەرگە ئوخشاش ۋەسىيەت قىلىش، مىراس ئېلىش ھوقۇقلىرىنىمۇ بەردى.

بۇنىڭدىن سىرت ئىسلام دىنى يەنە ئايال باي بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ بالىسىغا نەپىقە بېرىش ۋە تويلۇق مەھرى بېرىش قاتارلىق چىقىملارنى ئەرنىڭ ئۈستىگە بېكىتتى.

ئىسلام دىنى ئاياللارغا ئېلىم - سېتىم قىلالايدىغان، ئىجارە بېرەلەيدىغان، سوغا - سەدىقىلەرنى بېرەلەيدىغان ھوقۇقلارنى بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ئاياللارنىڭ سوتلىشىش ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە مال - مۈلكىنى قوغداشقا ئوخشاش قانۇنىي ھوقۇقلىرىنىمۇ بەردى.

فىرانسىيەلىك ئاياللارنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي تەسەررۇپلىرى ۋە ئەدلىيە توختاملىرىدىكى ئەركىنلىكى تېخىچە يولدىشىنىڭ نىيىتىگە باغلىق».

مەن يۇقىرىقى كىتابتىن تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى قىسقىچە خۇلاسىلايمەن، خالىغانلار بۇ مەسىلىلەرنىڭ كىتابتىكى تەپسىلاتىغا قارىسۇن:

ياۋروپالىقلار ۋە ئۇلاردىن باشقا بەزى كىشىلەر ئاياللارنى تىلسىز جانىۋارلار ياكى شەيتانلار جىنسىدىن، ئىنسانلار جىنسىدىن ئەمەس، دەپ قارايتى، بەزىلەر ئاياللارنىڭ ئىنسانلار جىنسىدىن ئىكەنلىكىگە شەك بىلەن قارايتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بەردى:

ئاللاھ تائالاھ مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق». [سۈرە ھۇجۇرات: ـ 13 ئايەت].

ئاللاھ تائالاھ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ

جۇپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار». [ سۈرە نىسا: - 1 ئايەت].

ياۋروپا ۋە باشقا جايدىكى بەزى ئىنسانلار ئاياللارنىڭ دىنغا ئېتقات قىلىشى دۇرۇس ئەمەس دەپ قارايتى، شۇڭلاشقا ئۇلار ئاياللارنىڭ مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇشىنى رەسمىي يوسۇندا چەكلىگەن ئىدى.

ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن مۆئمىن ئەرلەر، مۆئمىنە ئاياللار، مۇسۇلمان ئەرلەر، مۇسلىمە ئاياللار دېگەن ناملار بىلەن ئەر- ئاياللارنى دىنى مەجبۇرىيەتلەرگە باراۋەر چاقىردى. بۇ ھەقتىكى ئايەتلەرھەممىزگە تونۇشلۇق.

پەيغەمبەرلەر خاتىمىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ئىمان ئېيتقان زات ئايال كىشى بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاياللارنىڭ بەيئەت قىلغانلىقىنى قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلغان، ئاندىن ئەرلەر ئۇنىڭدىكى مەزمۇن بويىچە بەيئەت قىلغان.

قۇرئان كەرىم رەسمىي يوسۇندا بىر كىتاب شەكلىدە توپلىنىپ بىر ئايالنىڭ يېنىدا ساقلانغان، ئۇ مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر. قۇرئان كەرىم ئۇنىڭ قېشىدا تۇنجى خەلىپە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدىن تاكى ئۈچۈنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىگىچە ساقلانغان.

كېيىن ئۇ قۇرئاننى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارىيەت ئالغان، خاتىرلىنىپ، رەسمىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن كۆچۈرۈش ۋە ئاساسلىنىش ئۈچۈن شەھەرلەرگە ئەۋەتىلگەن قۇرئان نۇسخىللىرىنى ئىشلەشتە قۇرئاننى كۆچۈرۈپ كۆپەيتكۈچىلەر شۇ قۇرئانغا تايانغان.

بەزى ئىنسانلار ئاياللارنىڭ يوقالماس روھى يوق، شۇڭلاشقا ئاياللار مۆئمىن ئەرلەر بىلەن ئاخىرەتتە نىئمەتلىك جەننەتلەردە بىرگە بولالمايدۇ،دەپ بىلجىرلىشاتتى.(بۇ سەپسەتە ئاياللارنىڭ دىنغا ئىشەنمەسلىكىنىڭ ئاساسى ئىدى). قۇرئان كەرىم نازىل بولۇپ،ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «الله ۋەدە قىلغان ساۋاب) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن الله تىن باشقا (الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ. ئەر - ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ،

ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ». [سۈرە نىسا: 123، 124 ـ ئايەتلەر].

قۇرئان كەرىم يەنە مۇنداق دېدى: «ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلىپ: مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن (تۆرەلگەن) دېدى». [سۈرە ئال ئىمران: 195 ـ ئايەت].

بۇ ئايەتلەردە ئاياللارنىڭمۇ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقىغا ئوچۇق ۋەدە بېرىلگەن.

4 ـ بەزى كىشىلەر ئاياللارنى ھاقارەتلەپ، دىنىي ئىبادەت سورۇنلىرى، ئەدەبىي يىغىلىشلار، سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىشلار، ۋە ئىسلاھات ھەركەتلىرى قاتارلىقلارغا ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن قاتنىشىشقا سالاھىيىتى توشمايدۇ، دەپ قارايتتى. قۇرئان كەرىم نازىل بولۇپ، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى جاكارلىدى: «مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، اللە قا ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا اللە رەھىم قىلىدۇ، اللە ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر». [سۈرە تەۋبە: 71 ـ ئايەت].

بۇ ئايەت مۆئمىنە ئاياللارنىڭ مۆئمىن ئەرلەر بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئىگە بولۇش مۇناسىۋىتىدە ئىكەنلىكىنى بېكىتكەن، بۇ مۇناسىۋەتكە جەڭلەردە بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشمۇ كىرىدۇ، لېكىن شەرىئەت ئاياللاردىن ئۇرۇش قىلىش پەرزىنى ساقىت قىلغان. ئاياللار جەڭچىلەرگە يېمەك ـ ئىچمەك تەييارلاپ بېرىش، ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى داۋالىشىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىش بىلەن جەڭگە ھەسسە قوشۇدۇ، مانا بۇ ئاياللارنىڭ جەڭلەردىكى ھەسسىسى.

ساھابە ئاياللار ئەرلەر بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇيتتى، ئۇلار بىلەن بىرگە ھەج قىلاتتى، ياخشىلىقلارغا بۇيرۇپ، يامانلىقلاردىن توساتتى، ھەتتاكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئاياللار مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىگە ئوچۇق ـ ئاشكارە رەددىيە بېرەتتى. ئەرلەرمۇ ئەيمىنىدىغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك كىشىنىمۇ خاتاسىنى تۈزۈتۈش ئۈچۈن ئاگاھلاندۇراتتى.

ئاللاھ تائالا يۇقىرقى ئايەتكە ئەگەشتۈرۈپ ئەر ئايال ھەر ئىككى پىرقىگە مۇكاپات بېرىش ھەققىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئايەتنى كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئايەت بەدەننىڭ نېئمىتى بىلەن روھنىڭ نېئمىتىنىڭ بايانىنى

ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدۇر: «اللە مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى. (ئۇلار ئېرىشىدىغان) اللە نىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر، بۇ چوڭ بەختتۇر». [سۈرە تەۋبە: ـ 72 ئايەت].

بەزى كىشىلەر ئاياللارنى مىراس ۋە باشقا ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلاتتى، يەنە بەزىلەر ئاياللارنىڭ ئۆز مۈلكىنى تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىنى تارلاشتۇراتتى، ئىسلام دىنى بۇ زۇلۇمنى بىكار قىلىپ، ئاياللارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە شەرىئەت دائىرىسىدىكى ئۆز ئالدىغا تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىنى بېكىتتى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار. ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ (يەنى تەرەكە) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، (ھەر ئادەم اللە نىڭ ئادىل شەرىئىتىدە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ». [سۈرە نىسا: ـ 7 ئايەت].

بىلىشىمىزچە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلىتى ئاياللارغا ئىگىدارچىلىق ۋە تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىنى تېخى يېقىنلا بىر دەۋىردە بەردى. فىرانسىيەلىك ئاياللار تېخىچە ئەدلىيە توختاملىرى ۋە ئىقتىسادىي تەسەررۇپاتلىرىدا يولدىشىنىڭ ئىرادىسىنىڭ بويسۇن تۇرىقىدا. ۋەھالەنكى ئىسلامدا ئاياللارغا بۇ ھوقۇقلار ئون ئۈچ يېرىم ئەسىر ئىلگىرىلا بېرىلىپ بولغان.

6 ـ بەدەۋى قەبىلىلەردە ۋە مەدەنىيەتلىك خەلقلەردە توي قىلىش ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى قول قىلىشىنىڭ بىر تۈرى ئىدى، ئىسلام توي قىلىشنى مەدەنىي، دىنىي ئەھدۇپەيمان قىلىپ بېكىتتى.

بۇ ئەھدۇ پەيمان ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ، ئىككى جەمەت ئارىسىدىكى ئۈلپەت ـ دوستلۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئىنسانىي مېھرى ـ شەپقەت تۇيغۇسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ۋە ئۇنى ئاتا ـ ئانىدىن بالىلارغا سىڭدۈرۈش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ جىنسىي ئىزتىرابلىرىدىن نەپسىنى تەسكىن تاپقۇزۇپ ، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى يۇقىرىقىلارنى كۆرسىتىدۇ: «ئاياللار بىلەن ئۈنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (اللە نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئارىسىدا) مېھىر - مۇھەببەت ئورناتقانلىقى اللە نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار».[ سۈرە رۇم: 21 - ئايەت].

قۇرئان كەرىم مەجبۇرىيەتلەر بىلەن ھوقۇقلارنى ئادىل تەقسىملەپ ، ئەرلەر بىلەن ئاياللارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەر- ئائىلىق شىركىتىنىڭ دىرېكتورلۇق(ئائىلە باشلىقى) ھوقۇقىنى ئەرلەرگە بەردى، چۈنكى ئەرلەر ئايال- بالىلارغا نەپىقە بېرىش ۋە ئۇلارنى ھىمايە قىلىشتا ئاياللارغا قارىغاندا يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان.

ئاللاھ تائالا ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:« ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك). (ئاياللارغا مەھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە.»[ سۈرە بەقەرە: - 228 ئايەت].

بۇ دەرىجىنى ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق بايان قىلغان: «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ اللە نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ - قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل - ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكتىندۇر(». [سۈرە نىسا: 34 - ئايەت].

مەھرى بېرىش ، ئايالنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ نەپىقىسىنى بېرىش ئەرنىڭ زىممىسىدىكى ھامىيلىقنىڭ ۋاجىبلىرى قىلىپ بېكىتىلگەن. ئايال ئېرىدىن باي بولسىمۇ ئايالنىڭ زىممىسىگە ھېچ بىر نەپىقە يۈكلەنمىگەن.

مۇسۇلمان نىكاھىنىڭ تەلىۋى بويىچە نەق بېرىشى زىممىسىگە يۈكلەنگەن مەھرىنى ئايالغا بېرىدۇ. ئەگەر نىكاھتا قانچىلىك مەھرى بېرىش كېرەكلىكى بايان قىلىنمىسا ئەر ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئۇنىڭ ئايالغا ئوخشايدىغان ئايالنىڭ مەھرىگە تەڭ مەھرى بېرىشى لازىم.

ئەر- ئايال رازى بولۇشۇپ مەھرىنىڭ بىر قىسمىنى مەلۇم مۇددەت كېچىكتۈرۈپ بېرىشكە كېلىشسىمۇ بولىدۇ. ئەمما باشقا مىللەتلەرنىڭ ھازىرمۇ ئايالنى ئەرگە مەھرى بېرىشكە بۇيرۇيدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

بۇرۇن ئايالنىڭ ئەگىلىرى ئۇنى ئۆزى خالىمايدىغان ئادەم بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلايتى، ياكى تالاق قىلىنغان ئايال، ئىلگىركى ئېرى بىلەن يارىشىۋالماقچى بولسا ئۇنى تامامەن توساتتى. ئىسلام دىنى بۇنداق ئىشلارنى ھارام قىلدى، بۇ ھەقتىكى دەلىللەر ئاللاھنىڭ كالامىدا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە بايان قىلىنغاندۇر.

8 - ئەرەب، بەنى ئىسرائىل ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەرلىرى ئاياللارنى خالىغانچە ئالاتتى، ئۇلار ئايال ئېلىشتا مەلۇم سان ياكى ئاياللار ئارىسىدا ئادىل بولۇش دېگەندەك شەرتلەر بىلەن چەكلەنمەيتى.

ئىسلام دىنى ئەرلەرگە ئاياللىرىنىڭ سانىنىڭ تۆتتىن ئارتۇق بولماسلىق چەكلىمىسىنى قويدى. ئۆزىنىڭ ئىككى ئايال ئارىسىدا ئادىل بولالماسلىقىدىن قورققان كىشىگە بىر ئايال ئېلىشىنىڭ لازىملىقىنى بەلگىلىدى. بىر ئايالدىن ئارتۇق ئايال ئېلىشنى ئۆيلىنىشكە ۋە نەپىقە بېرىشكە قادىر بولالىغان، ئارتۇق ئايال ئېلىشقا ئېھتىياجى بارلارغا رۇخسەت قىلدى.

چۈنكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش بىرىنچى ئايالى تۇغماس بوپ قالسا، ياكى كىلىماتېرىيە دەۋرىگە كىرىپ قالسا، ياكى ھامىلدار بولۇشى ۋەيا ئەر كىشى بىلەن بىرگە بولۇشى چەكلىنىدىغان كېسەلگە مۇپتىلا بولسا دېگەندەك ئەھۋاللاردا ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بولۇپمۇ جەڭ ئاخىرلاشقاندا ياكى ئەرلەر تىرىكچىلىك ئۈچۈن تۈركۈملەپ يۇرتىنى تاشلاپ چىكەتكەندە دېگەندەك ئەھۋاللاردا بىر مىللەت ياكى بىر قەبىلىدە ئاياللار كۆپىيىپ كەتسە، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئاياللارغا مەنپەئەتلىك بولىدۇ، سۆز تىمىسى زىنا قىلىشنى شەرئىتى ھارام قىلغان، ئۇنىڭغا جازا بېكىتكەن بىر ئۈممەت ئۈستىدە بولغاندا تېخىمۇ شۇنداق.

قانداقمۇ ئەرلەرنىڭ ساندىن ئېشىپ قالغان ئاياللارنى ئەر- ئايالىق تۇرمۇش ۋە ئۇنىڭ ئېيپىتىدىن، ئەرلەرنىڭ كاپالىتى ۋە ئائىلىق نېئمىتىدىن مەھرۇم قىلىش ئاياللارنىڭ ياكى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى بولىدۇ؟ ئاياللارنىڭ زىنا قىلىشىغا رۇخسەت بېرىلىشى ۋە زىنانىڭ ئىنسان بەدىنىگە ۋە جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيانلىرىغا يول قويۇلۇشى، قايسى مەنپەئەتكە كىرىدۇ؟ ئومۇمىي مەنپەئەتكىمۇ ياكى خۇسۇسىي مەنپەئەتكىمۇ؟

پەرەڭلەرنىڭ ئەللىرىدە ياكى پەرەڭلەرنىڭ مۇستەملىكە رايونلىرىدا ۋە ياكى پەرەڭلەرگە قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان جايلاردا بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتقان ئاياللار زىنانىڭ بىزگە كۆرۈنىۋاتقان ئىجتىمائىي كېسەللىك ۋىرۇسىدۇر.

بىز بۇھەقتە سۈرە نىسادىكى كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خوتۇن بولۇش توغرىسىدىكى ئايەتنى تەپسىرلىگەندە تەپسىلى توختالدۇق.

ئاندىن يەنە «ئىسلامدىكى ئاياللار ھوقۇقى» دېگەن كىتابتا ئەقلى ھوشى جايىدا، ئىنساپلىق ھەرقانداق كىشىگە قانائەتلىنەرلىك بايانلارنى بەردۇق، شۇنداق بايان قىلدۇقكى: كۆپ خوتۇن ئېلىش مەسىلىسىدە ئىسلام دىنى يولغا قويغان قانۇن ئەينەن توغرا، ئادىل بولۇپ، ئومۇمي ئىنسانلارنىڭ بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان.

ئىسلام دىنى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا قاتتىق شەرتلەر ئاستىدا رۇخسەت قىلدىكى ئۇنى پەرز قىلىپ بېكىتمىدى.

ئىسلام شەرىئىتىدە ئاياللارغا ئايالى بار ئەرلەرنىڭ نىكاھ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىش ياكى قوبۇل قىلماسلىق ئىختىيارلىقى بېرىلگەن. ھەتتا ئىسلام شەرىئىتى ئايالنىڭ نىكاھ توختىمىدا، ئايال خالىغان ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ تالىقىنى ئالالىشى ئۈچۈن ئائىلىنى بۇزۇش-ساقلاش ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ قولىغا بېرىشنى شەرت قويۇشى جائىز دەپ قارىغان.

بۇ قاراش بەزى فىقھى ئىماملىرىنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى ئوچۇق دەلىلگە قارشى بولمىغان، كىشىلەر شەرتلىشىدىغان ھەرقانداق شەرتلەرنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەزھىبىگە ئاساسلانغان.

نىكاھتىكى شەرتلەرنىڭ تېخىمۇ دۇرۇس بولىدىغانلىقى، سۈنەن كىتابلىرىنىڭ مۇئەللىپلىرى ۋە ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ سەھىھ كىتابىنىڭ بىر قانچە جايلىرىدا رىۋايەت قىلغان: «ۋاپا قىلىشىڭلارغا ئەڭ ھەقلىق شەرتلەر ئاياللارنىڭ ئۈيات جايلىرىنى ئۆزەڭلەرگە ھالال ئېلىشىڭلارغا سەۋەب بولغان شەرتلەردۇر» دېگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلىنغانلىقتىن بولغان.

9- ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىش، چىرايلىق ئۆتۈش، نەپىقە بېرىش، ئېپپىتىنى قوغداش قاتارلىق ئەر- ئاياللىق ھوقۇقلارنى ئادا قىلىشقا ئاجىز كەلگەن ۋاقىتتا تالاق قىلىش ئەر- ئاياللىق تۇرمۇشىنىڭ بىر زۆرۈرىيىتى بولۇشى مۇمكىن.

تالاق قىلىش ئەھلى كىتاب، ئەرەب بۇددىستلىرى ۋە باشقىلاردىمۇ يولغا قويۇلغان ئىدى، تالاق ئاياللارنىڭ زىيىنىغا قىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا چېدىغۇسىز ئالدامچىلىق، كۆپ زۇلۇم-ستەم مەۋجۇت ئىدى. ئىسلام دىنى ھېچقانداق بىر شەرىئەت ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغان تالاق ئىسلاھاتىنى ئېلىپ باردى، كېيىن ئۇنىڭدەك ئىسلاھاتنى ھېچقانداق بىر قانۇن ئېلىپ بارالمىدى.

غەربلىكلەر ئەر- ئاياللار ئاجرىشىشىنى چەكلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ تالاقنى يولغا قويغانلىقىنى ئەيىپلىگەن بىلەن، كېيىن ئۆزلىرى ئەر- ئاياللار ئاجرىشىشنى قانۇنلۇق

قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇلار ئەر- ئاياللار ئاجرىشىشنى يولغا قويۇشتا چېكىدىن ئاشۇرىۋەتتى، ئۇلارنىڭ چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىشى تۇرمۇش ۋە ئائىلە رىشتىلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشى ۋە ئەر- ئاياللىق ھاياتىنىڭ ئانارخىيەلىشىپ كېتىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى چېلىنىدىغان دەرىجىگە يەتتى.

ژۇرناللارنىڭ نەقىل قىلىشىچە ئايالنىڭ چېچىنى ئۈزۈن قويۇشى، ياكى قىسقارتىۋېتىشى ۋە ياكى چۇشۇرىۋېتىشى ، ئەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قارشى، ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۆيدە كىتاب- ژۇرنال كۆرگەندە ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدىغانلىقىدىن شىكايەت قىلىشى، ئايالنىڭ ئېرىنىڭ مۇنچىغا چۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن سېسىق پۇرايدىغانلىقىنى ئەرىز قىلىشى، ئەرنىڭ ئايالنىڭ تېلېفوندا كۆپ گەپ قىلىدىغانلىقىنى ئەرىز قىلىشىغا ئوخشاش مەسىلىلەر سودىيەلەرنىڭ ئاجرىشىش ھۆكمىنى چىقىرىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئىكەن[1].

ئىسلام دىنى نىكاھنىڭ تۈتۈقسىنى ئەرلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان، ئۇنىڭغا قوشۇپ تالاق قىلىش ھوقۇقىنىمۇ ئەرلەرگە بەرگەن. چۈنكى ئەر- ئاياللىق تۇرمۇشىنى قورۇش ياكى بۇزۇشتا بولسۇن خىراجەت قىلىنغان چىقىملار ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەرلەر تۇرمۇشىنى ساقلاپ قېلىشقا ھېرىسمەن بولىدۇ، ۋە ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا ئۆزى خالىمىغان ئىشلارغا سەۋر قىلىشتا كۈچلۈكرەك ۋە تەمكىنرەك بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالانىڭ ئەرلەرگە بەرگەن تۆۋەندىكى بۇيرۇقى، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا قارىغاندا خالىمىغان ئىشلارغا قارىتا تېخىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، سەۋر قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا الله كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن». [ سۈرە نىسا: - 19 ئايەت].

شەرىئەت ئاياللارنىڭ قازىدىن نىكاھ توختىمىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن. بۇ ئەرنىڭ نەپىقە بېرىشكە كۈچى يەتمىگەن ۋە ئەردە كېسەللىك ياكى تۇغما ئەيىپلەر بار دېگەندەك نىكاھ توختىمىنى بىكار قىلىشقا سەۋەب تېپىلغان چاغدا بولىدۇ.

1 . مىلادىيە 1935 - يىلى - ھىجرىيە 1354 - يىلى مۇھەررەم ئېيىدىكى ئەلئەھرام گېزىتىدە كالفورنىيە ئىشتاتىنىڭ لوس ئانجىلىس شەھىرىدىكى ئاجرىشىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەڭ مەشھۇر سودىيە لەندوسىنىڭ قاراشلىرى نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ خۇلاسىسى مۇنداق: ئەر- ئاياللىق ھايات ئۇلارنىڭ دۆلىتى شىمالى ئامرىكىدا پات يېقىندا يوقىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئورنىنى ئەر- ئاياللار ئالاقىسىدىكى قالايمىقانلىق،چەكلىمىسىزلىك باسىدىكەن، ھازىر ئەر- ئاياللىق تۇرمۇش ئىككى شېرىك ئادەتتىكى بىر سەۋەبنى دەپ بۇزۇۋېتىدىغان تىجارەتتىكى شېرىكچىلىككە ئوخشاپ قالغان، بۇنىڭ سەۋەبى بارلىق دىنلارنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىنغانلىقتىن ئىكەن، شۇڭلاشقا ئەر- ئايالنى باغلاپ تۇرىۋاتقىنى مۇھەببەت ۋە دىن ئەمەس بەلكى كۆچمە ئالاقە ۋە شەھۋانىيلىق ئىكەن.

www.uyghurkitap.com



تالاق قىلىنغان ئايالغا ئىددەت مۇددىتىدە نەپىقە بېرىش ئەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بولۇپ، ئايالمۇ بۇ مۇددەتتە باشقا ئەرگە تەگسە بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تالاق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ تالاقنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىپ تالاق قىلىشنى ئەيىپلىگەن.

بۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈملەرنى بۇ ھەقتە چۈشكەن ئايەتلەرنى تەپسىر قىلغاندا ۋە ئىسلامدىكى ئاياللار ھوقۇقلىرى توغرىسىدىكى يېڭى كىتابىمىز «ئاياللارغا خىتاب» دېگەن كىتابتا بايان قىلدۇق.

10 ـ ئىسلام ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى كۈچلۈك تەۋسىيە قىلىپ، ئاتا ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ كەينىدىلا كەلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە ئانىنىڭ ھەققىنى تەكىتلەپ، ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئاتىغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە قىزلار تەربىيەسى ھەققىدە كۈچلۈك تەۋسىيەلەرنى قىلدى. ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە رەھىم قىلىش ھەققىدىكى تەۋسىيەلىرىدىن ئايرىم قىلىپ قىز قېرىنداشلارغا كېپىل بولۇش ھەققىدىمۇ تەۋسىيەلەرنى قىلدى. ۋە ھەربىر ئايال كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قانۇنىي مەسئۇللارنى بەلگىلەپ بەردى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئىگىسى يوقلارنىڭ ئىشلىرىغا مۇسۇلمان ھاكىملارنىڭ ئىش ئۈستىدىكى مەسئۇللىرىنىڭ ئىگە بولۇشى ۋاجىبلىقىنى قارارلاشتۇردى.

بىز يۇقۇرقى كىتابتا ئاشۇ تەۋسىيەلەرنىڭ بىرقىسمىنى بايان قىلدۇق.

خۇلاسە : ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ قانۇن، شەرىئەت ۋە دىنلىرىدا ئىسلام دىنى ئاياللارغا بەرگەندەك ئىنايەت، ھۆرمەت ۋە ھوقۇقلار تېپىلمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى، ناھايىتى شەپقەتلىك ئاللاھ تائالانىڭ ساۋاتسىز خەلققە ئەۋەتىلگەن ساۋاتسىز پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ۋەھيىسى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرى ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق، مەن بۇنىڭغا ئىسپات كۆرسىتەلەيدىغان شاھىتلاردىندۇرمەن، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.[2]

2 . بۇ ماقالە ئەرەبچە ئەزھەر ژۇرنىلىنىڭ 2012 - يىلى ئاۋغۇست ئېيىدىكى سانىدىن تەرجىمە قىلىندى. تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبۇ ھەنىفە ئابدۇرېھىم



# پىرئەۋننىڭ كۆچى بولسا، مۇسانىڭ رەببى بار

## مۇھەممەد ئەلى ئەمىن

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆتكەن ئۇممەتلەرنىڭ قىسسىسى نامىدا، ئىلگىرىكى ئۇممەتلەر باشتىن كەچۈرگەن نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بىزگە بايان قىلىپ بەرگەن. بۇ قىسسىلەرنىڭ ئىچىدە «ئىلگىرىكى ئۇممەتلەر ئۆزىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشلىرىدىن قايسى گۇناھى سەۋەبلىك ئايرىلىپ قالدى؟ ئۇلار چۈشۈپ قالغان كىرىزىس، ئېغىرچىلىق ۋە قاتتىق كۈنلەردىن قايسى سەۋەب بىلەن، قانداق شەكىلدە قۇتۇلدى؟» دېگەن مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. بىز نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى كىرىزىس تەرىپىدىن قىيىنلىشىۋاتقان، نېمە ئىش قىلىشىمىزنى بىلەلمەي، جاۋاب ئىزدەۋاتقان بىر شارائىتتا ياشاۋاتىمىز. ئەلبەتتە بۇنىڭ جاۋابى قۇرئان كەرىمدىكى قىسسىلەر ئارقىلىق بېرىلىدۇ. چۈنكى ئەمەلىي ھايات، ئەمەلىي ھايات بىلەن سىپلىشتۇرۇلىدۇ.

بىز ئۇقۇرمەنلەرگە سۇنماقچى بولغان قىسسە، بەنى ئىسرائىل قىسسىسى. سۆزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا كىرىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن «بەنى ئىسرائىل كىم؟» دېگەن مەزمۇن ھەققىدە ئازغىنە توختىلىمىز.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام مىسىرغا پادىشاھ بولغان زامانىدا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە جەمەتى مىسىرغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلار شۇ ۋاقىتتىكى دىندارلارنىڭ ۋەكىلى، يەنى بەنى ئىسرائىل ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مىسىرنىڭ ھاكىمىيىتى پىرئەۋنلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن ۋە بەنى ئىسرائىل مىللەت خاراكتېرلىك قۇل قىلىنغان. ئۇلار ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد قۇل پېتى تۇغۇلۇپ، قۇل پېتى ئۆلۈپ، نە سىياسىي، نە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھېچقانداق ئەركىنلىكى بولمىغان شەكىلدە ياشىغان.

بەنى ئىسرائىل شۇ دەرىجىدە خارلانغانكى، ئوغۇل بوۋاقلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، قىز بوۋاقلىرى ھايات قالدۇرۇلغان. ئۇلارنى ئېزىۋاتقىنى شۇ ۋاقىتتىكى كۈچلۈكلەرنىڭ سىمۋولى، پىرئەۋنلەر ئىدى. پىرئەۋنلەر خۇددى كۈنىمىزدىكى دۇنيادا ئۆزىنى ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەڭ كۈچلۈك دەپ قارايدىغان دۆلەتلەرگە ئوخشاش كۈچلۈك بىر ھاكىمىيەت ئىدى.

بەنى ئىسرائىل 400 يىل ئەتراپىدا بۇ خورلۇقنى تارتىپ، قۇللۇقتا ياشىدى. ئەمما بىر مىللەتنىڭ بۇ شەكىلدە يوقۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەزلۇم مىللەتنىڭمۇ تىرىلىدىغان بىر ۋاقتى كېلىدۇ. قۇتۇلۇش ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلارنى ئەزگەنلەرنىڭ چۈشى بۇزۇلىدۇ. دەل پىرئەۋننىڭمۇ شۇ خىل شەكىلدە چۈشى بۇزۇلدى، تەلۋىلەشتى ۋە بەنى ئىسرائىلدىن تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلارنىڭ ھەممىنى قىرىپ، قىز بوۋاقلارنى قالدۇرۇپ قويىدىغان بىر ھالەتكە باردى.

قىسسىدىكى بۇ نۇقتا بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. دۈشمەن چېكىدىن ئاشقان ۋاقتىدا ئەنە شۇنداق تەلۋىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە دۈشمەننىڭ تەلۋىلەشكەن ۋاقتى، دەل مەزلۇملارنىڭ قۇتۇلۇشى يېقىنلاشقان ۋاقىتتۇر. ئاللاھ تائالا زالىملارنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا، ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۋاتقان بوۋاقلىرى ئىچىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ساقلاپ قالدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ تەشۋىقاتىنى يايدى ۋە ئۇلارنى بىر ئاللاھ تەرەپكە چاقىردى. ئاخىرىدا ئۇلارنى پىرئەۋننىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن مېڭىپ، دېڭىز ۋە قوغلاپ كەلگەن پىرئەۋننىڭ چوڭ قوشۇنى ئوتتۇرىدا قاپسىلىپ قالدى.

بۇ ۋاقىتتا كۆرۈلگەن ئىككى خىل پەرقلىق ھېسسىيات: ﴿فَلَمَّا تَرَاءَى الْجَمْعَانِ قَالَ أَصْحَابُ مُوسَىٰ إِنَّا لَمُدْرَكُونَ﴾[3] «ئىككى توپ (يەنى پىرئەۋن توپى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توپى) بىر-بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان چاغدا، مۇسانىڭ ئادەملىرى: ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى) بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالىدىغان بولدى، دېدى»، ﴿قَالَ كَلَّا ۖ إِنَّ مَعِيَ رَبِّي سَيَهْدِينِ﴾[4] «مۇسا ئېيتتى: ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ) پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ» دېگەن ئىككى ئايەتتە تەسۋىرلەنگەن.

خەتەرلىك پەيتتە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى: ﴿إِنَّا لَمُدْرَكُونَ﴾ «بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالىدىغان بولدى (بىزنىڭ ئىشىمىز تۈگىدى)» دېدى. بۇ خۇددى بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا ئوخشايدۇ. بىزمۇ كۈچلۈك دۈشمەننىڭ بېسىمى ئاستىدا، ئالدىمىزغا ماڭساق تېخى، كەينىمىزگە ماڭساق تېخى، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتە ھەر تەرەپتىن سىقىلىۋاتقان بىر ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىمىز ۋە بەزىلىرىمىز مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بىلدۈرگەن ئىپادىنى بىلدۈرۈۋاتىمىز.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ بۇ سۆزىنى، ماددىي سەۋەب نۇقتىسىدىن توغرا دەپ قاراشقا بولىدۇ. سەۋەب - قانۇنىيەت

3 سۈرە شۇئەرا، 61- ئايەت
4 سۈرە شۇئەرا، 62- ئايەت

نۇقتىسىدىن، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق ئاجىز بىر مىللەت، مىليون كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇن ۋە زور بىر دېڭىز ئارىسىدا قالسا، ئۆلۈمدىن باشقا يولى قالمىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. دۇنيادىكى ھايات مەلۇم سەۋەب - قانۇنىيەت بويىچە بەلگىلەنگەن بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستىدە سەۋەبنى ياراتقان پەرۋەردىگارى بار. دۇنيادا ئىشلار سەۋەب - نەتىجە بويىچە مېڭىپ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يېڭىدۇ. ئەمما مەسىلە ئىنساننىڭ قۇدرىتى ۋە ئىرادىسىدىن چىققان ۋاقىتتا، بۇنى ئاللاھ قولىغا ئالىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇ خىل پەيتتە: ﴿كَلَّا﴾ «ئۇنداق ئىش يوق»، ﴿إِنَّ مَعِيَ رَبِّي سَيَهْدِينِ﴾ «پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ» دېگەن. ئالدىدا دېڭىز، كەينىدە مىليون كىشىلىك قوشۇن. مەسىلە ئىنسان سەۋەب قىلالايدىغان ھالەتتىن چىقىپ كەتتى. ئەمدى مەسىلىنى ئاللاھ ئۆزى تاپشۇرۇپ ئالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمىنىمىز ئۆزىنى دۇنيادا بىر ساناپ، يوللىرىمىزنى قەيەرگە بارساق ئېتىپ، ئالدى ياكى كەينىمىزگە ماڭالمايدىغان ھالەتكە ئەكېلىپ قويغان بولسىمۇ، بىزنىڭ قۇدرەتلىك رەببىمىز بار. خۇددى مۇسا ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئالدىدا دېڭىز يېرىلغاندەك، بىزنىڭ ئالدىمىزدىمۇ شۇنداق يوللار ئېچىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئارىمىزدا ئاشۇنداق مۇسالار چىقىشى ياكى چىقىرىلىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە بىر مىللەت ئۆزىنىڭ قۇتقۇزغۇچىلىرىنى ئۆزى يېتىشتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

مۇشۇ پەيتتە، كاللىمىزغا بىر سوئال كېلىدۇ. مەسىلە ئاللاھ تەرەپكە ئۆتۈپ، بىزنىڭ ئىلكىمىزدىن چىقىپتۇ. ئەمما بىزنىڭ ئۈستىمىزگە نېمە ۋەزىپە چۈشىدۇ؟ بىز بۇ يولدىن قۇتۇلۇش ۋە چىقىش يولىغا ئېرىشىش ئۈچۈن نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ ئەينى ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، كۆپىنچە مەزلۇملار تەكرارلايدىغان: ﴿أُوذِينَا مِن قَبْلِ أَن تَأْتِيَنَا وَمِن بَعْدِ مَا جِئْتَنَا﴾[5] «سەن بىزگە كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق» دېگەن سۆزنى قىلغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىشەنچ بىلەن: ﴿عَسَىٰ رَبُّكُمْ أَن يُهْلِكَ عَدُوَّكُمْ﴾ «پەرۋەردىگارىڭلار دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلىدۇ» دېدى. دۈشمەننىڭ كۈچى نەقەدەر كۈچلۈك، سانى نەقەدەر كۆپ، دۇنيادىكى ئورنى قانچىلىك قۇدرەتلىك بولسۇن، پەقەت ئاللاھقا چىن ئىشەنچ قىلغىنىمىزدا، مەسىلە ناھايىتى ئاددىي، ئاللاھ بىزنى زېمىندا سۆز ساھىبى قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿وَيَسْتَخْلِفَكُمْ فِي الْأَرْضِ﴾[6] «زېمىندا ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى دەسسىتىدۇ» دېگەن.

ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: ﴿فَيَنظُرَ كَيْفَ تَعْمَلُونَ﴾ «سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارايدۇ» دېيىلگەن. يەنى، مەسىلىگە تۇتقان پوزىتسىيە ناھايىتى مۇھىم.

---

5. سۈرە ئەئراف، 129 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى
6 .سۈرە ئەئراف، 129 -ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دۈشمەن سانىنىڭ كۆپلۈكى، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىز ئاساسىي مەسىلە ئەمەس. ئاساسىي مەسىلە، بىزنىڭ ئۇنىڭغا كۆرسىتىدىغان ئىپادىمىزدۇر. بىز ئىشنى جايىدا قىلىپ، ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىمىزدە مۇستەھكەم تۇرساق، دەسلەپتە يېڭىشكە كۆزىمىز يەتمىگەن دۈشمەن، ئالدىمىزغا پارچە-پارچە تۇرت شەكىلدە كېلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنى بىردىن-بىردىن «يەۋېتەلەيمىز».

ئاللاھ تائالا بىزگە نېمە ئۈچۈن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە دېگەن سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىپ بەردى؟ چۈنكى بىزنىڭ ئەھۋالىمىز مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھالىغا ئوخشايدۇ. بىز ئازلىقىمىزدىن ۋە كۈچىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالدۇق. بىز ئۆزىمىزنى تۈزىتىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى جايىدا قىلساقلا، دۈشمەن ئالدىمىزغا بىر ھەزىم قىلالايدىغان ھالەتتە كېلىدۇ. مۇھىمى شۇنداق ۋاقىت كەلگەندە چايناشقا «چىشىمىز»، ھەزىم قىلىشقا «ئاشقازىنىمىز» ساق بولۇشى كېرەك.

ئەلۋەتتە بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى يەنىلا قۇرئاندىن ئىزدەيمىز. مۇشۇنداق كىرىزىس ۋە قىيىنچىلىققا چۈشۈپ قالغان، ئۆزىنىڭ نېمە قىلارنى بىلەلمىگەن مۇئمىنلەرگە: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ﴾[7] «ئى مۇئمىنلەر! سەۋر ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار» ۋە ﴿وَاسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ﴾[8] «سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار» دېگەن ئىككى ئايەتتە چىقىش يولى كۆرسىتىلگەن.

ئايەت مۇسۇلمانلارنى ئىككى ئىشقا بۇيرىدۇ. بىرى: بەرداشلىق بېرىش، چىدامچان بولۇش، ئاخىرىغىچە تىك تۇرۇش. بۇ قۇرئاندا ﴿الصَّبْرِ﴾ «سەبىر» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن. سەن قاچان بوشىشىپ بېلىڭنى قويۇۋەتسەڭ، شۇ چاغدىن باشلاپ تۈگىشىسەن. ئىككىنچىسى: ﴿وَالصَّلَاةِ﴾ «ناماز». ناماز ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر. بىزدەك قىيىنچىلىققا چۈشۈپ قېلىپ، نېمە قىلارنى بىلەلمىگەن مىللەت، ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرىش ۋە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىش بىلەن بۇ قىيىنچىلىقتىن ئۆتەلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق بىزنىڭ ئېرىشىدىغان نەتىجىمىز: نىشانىمىزغا يېتىش ۋە نۇسرەتنىڭ كېلىشىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا: ﴿إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ «ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر» دېگەن. بۇ ئايەتتىكى «ئاللاھ بىللە» دېگەن مەزمۇن غەلىبە ۋە نۇسرەت ئىپادىسىدۇر. ئەمما ھەر مەسىلىدە شەخسىي چۈشىنىش، ئۆزىنىلا ئويلاپ، بۇ يولنى ئۇنتۇش، بوشاڭلىق قىلىپ ۋايسىراش، ئالدىغا مېڭىشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن ئاغرىنىش قاتارلىق ئەھۋاللار

7. سۈرە بەقەرە، 153-ئايەت

8. سۈرە بەقەرە، 45-ئايەت

ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئاخىردا مەزمۇننى تۆۋەندىكى ئۈچ مۇھىم ھالقىغا يىغىنچاقلايمەن.

بىرىنچى: دۈشمەننىڭ ئەڭ تەلۋىلەشكەن ۋە ئەڭ ئۇچىغا چىققان ۋاقتى، قۇتۇلۇش ۋاقتىمىزنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان يىللىرىدىكى، پىرئەۋننىڭ تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلارنى قىرىپ، قىز بوۋاقلارنى ھايات قويغان ئەھۋالى، ئوخشىغان شەكىلدە بىزنىڭ مىللەتتە يۈز بېرىۋاتىدۇ. دۈشمەننىڭ چۈشى بۇزۇلۇپ، بىزنىڭ مىللەتتىكى كارغا كېلىدىغان، ئۆزىگە تەھدىت بولۇش خەۋپى بولغان ھەر قانداق كىشىنى يوق قىلىۋاتىدۇ. بۇنى بىز ئۆزىمىزگە نىسبەتەن چىقىش يولى، تاڭ ئېتىشىنىڭ ئالدىدىكى باشلىنىش دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ.

ئىككىنچى: ئەڭ قىيىن مەزگىلگە كېلىپ قالغان ۋاقىتتا، ئارىمىزدىن «دۈشمەننىڭ كۈچى ۋە ئىقتىسادى بولسا، بىزنىڭ رەببىمىز بار!» دەيدىغان مۇسالار چىقىشى ياكى چىقىرىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى: بىزنىڭ نۆۋەتتىكى قىيىن ئۆتكەلدىن ئاتلاپ ئۆتۈشىنىڭ مۇھىم ھالقىسى، بەل قويۇۋەتمەسلىكتۇر. شۇڭا ئالدىمىزدا ئىككىلا يول بار! يا چىداپ يولنى داۋاملاشتۇرىمىز، ئۆزىمىزنى يوقاتماي ۋە ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشى ساقلاپ، ئاخىردا نىشانغا يېتىمىز ياكى مەسىلىنى شەخسىيلەشتۈرۈپ، بىر كىشىلىك ياشاش يولىنى تاللايمىز، ھەمدە تۈگىشىپ يوقۇلۇپ جەمئىيەتكە سىڭىپ كېتىمىز. بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزگە باغلىق. ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، دۈشمەننىڭ ھەر قانچە كۈچى بولسا، بىزنىڭ ئاللاھىمىز بار.

◄ دوستۇڭنىڭ قايغۇسىغا ھەردەم شېرىك بول، (چاقىرىلمىساڭ) ئۇنىڭ خۇشاللىقىدىن ئۇزاق بول،

◄ باشقىلارنىڭ ئەيىپلىرىنى ئىزدەيدىغان ئادەمنىڭ مىسالى، پاك نەرسىلەرنى قويۇپ گەندىنىڭ ئۈستىگە قونغان چىۋىنگە ئوخشاشتۇر.

◄ كىشىگە تەنھا يەردە قىلغان نەسىھەتىڭ گويا ئۇنىڭغا ئالتۇن تاج كەيدۈرگىنىڭدۇر، جامائەت سورۇنىدا قىلغان نەسىھەتىڭ گويا ئۇنىڭغا تەستەك ئۇرغىنىڭدۇر.

◄ قىيامەتتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئوسال ئادەم - (ھاياتى دۇنيادا) ئەخلاقسىزلىقىدىن، ئاغزى بۇزۇقلۇقىدىن كىشىلەر قاچىدىغان - ئادەمدۇر.

◄ مۇھتاجلىقتا سېخى بولۇش، ئاچچىقلانغاندا ھەق سۆزلەش، غەزەپلەنگەندە كەچۈرۈۋېتىش - مۆئمىننىڭ ئەسل پەزىلىتىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# شەرقشۇناسلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ مۇددىئا-مەقسەتلىرى

ئەيسا ئوغلى ئابدۇللاھ

بِسْمِ اللّٰهِ الرحمن الرحيم

الحمد لله رب العالمين والعاقبة للمتقين و الصلاة و السلام على رسوله محمد و على اله و أصحابه أجمعين

شەك شۈبھىسىز ئىنسانلارنىڭ نەپسىي تەبىئەتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى، ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشى سەۋەبلىك، تەپەككۇر قىلىش ئۇسلۇبىدىمۇ خىلمۇ-خىل پىكرى ئوخشىماسلىقلار كۆرۈلىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن پىكرى توقۇنۇشلار ۋە ئۇنىڭ ئوخشىمىغان پەرقلىق كۆرۈنۈشلىرى ئاشكارا بولىدۇ. بۇ بولسا ئەزەلدىن ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان اللە تعالى نىڭ كائىناتقا بەلگىلىگەن مۇقەررەر قانۇنىيەتلىرى جۈملىسىدىندۇر.

الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى بىربىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر «سۈرە ھەج 40»

توقۇنۇشنىڭ كۆرۈنۈشلىرى خىلمۇ-خىل بولسىمۇ لېكىن ئاساسلىق بولغان ئىككى يۆنىلىشتىن ھالقىپ كەتمەيدۇ.

1 - شەھەرلەر ۋە يېزا-قىشلاقلارنى خاراب قىلىش، بىگۇناھ ئاۋام خەلقلەرنى قەتلى قىلىش شەكلىدىكى كۈچ قۇۋۋەتنى ئاساس قىلغان ماددىي كۈچ توقۇنۇشىدۇر.

2 - ئەقىل ۋە تەپەككۇرغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن مەنىۋى قۇۋۋەتكە تايىنىشنى ئاساس قىلغان پىكرى تەپەككۇر توقۇنۇشىدۇر.

غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدا ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان توقۇنۇش بولسا ئاساسلىقى خىرىستىئان دۇنياسىنىڭ دىنىنى ئاساسى مەركەز قىلغان ھالدا ئىسلام دۇنياسىغا

قارشى توقۇنۇشدۇر. غەرب دۇنياسى بۇ توقۇنۇشنى خىلمۇخىل كۆرۈنۈشتە كۆرسۈتۈش ۋە ياسالما نىقابلارنى كەيدۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ بۇ توقۇنۇشنىڭ نوقۇل دىنى ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى روشەندۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن غەرب مۇتەپەككۇرلىرى بىر تەرەپتىن ئىسلامنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئىسلام توغرىسىدا يېزىشقا يۈزلەنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن پەيلاسوپ ۋە ئاتىست دىنسىزلىرى ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىنى بۇرمىلايدىغان، خاتا ئىزاھات چۈشەندۈرۈشلەر، ئازغۇن باتىل پىكىرلەرنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا مەيدان ھازىرلاش، شەھۋانىيلىق ۋە ئەخلاقى جەھەتتە بۇزغۇنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ۋاستىلارنى تارقىتىشقا يۈزلەندى، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىسلام دىنىغا بولغان ئۆچمەنلىك، خرىستىئان دىنىغا بولغان قارىغۇلارچە ساداقەتمەنلىكتىن كېلىپ چىققاندۇر.

ئۇلار بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئەقىدىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، ئىسلام دىنىنى يوق قىلىشنى ئاساسلىق نىشان قىلىدۇ .

نەزەر سالىدىغان بولساق بۇ تىپتىكى پىكرى توقۇنۇشنىڭ كۆرۈنىشلىرى ئىسلامنىڭ تۇنجى دەۋرلىرىدىن تارتىپ باشلانغانلىقى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ.

ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ يول ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مەككىگە كەلگەن كىشىلەرنى رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىگە، خىلمۇ-خىل يالغان ئويدۇرما بۆھتانلار بىلەن قۇلاق سېلىشتىن توسىشى، مەدىنىدە بولسا مۇسۇلمانلار ئارىسىغا پىتنىلەرنى سېلىشقا ئۇرۇنۇشى، رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ئىپپەتلىك ئائىلە-تاۋاباتلىرىغا بۆھتان چاپلىشى، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە شەك شۈبھە تارقىتىشقا ئۇرۇنۇشى ئۇنىڭ كۆرۈنىشلىرىنىڭ بىرىدۇر.

بىز دىققەت نەزىرىمىزنى تارىخ بەتلىرىگە قارىتىدىغان بولساق ئەھلى سەلىب ۋە يەھۇدىلارنىڭ بۇ ئۇزۇن زامانلار مابەينىدە ئىسلامغا ھۇجۇم قىلىش، ۋە ئۇنىڭ نۇرىنى تەلتۆكۈس ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقىنى ۋە ھازىرمۇ ئۇرۇنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. غەرب دۇنياسى بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان توقۇنۇشش جەريانىدا، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپلا قالماستىن، توقۇنۇش ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىنى سىناپ باقتى. ئاخىرىدا مۇسۇلمانلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئۆزلىرى مۇھىم دەپ قارىغان تۆۋەندىكى ۋاستىلارنى تېپىپ چىقتى.

1 - سىياسى ھۆكۈمرانلىقىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش مەيدانىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىش.

2 - ئىسلام ئۈممىتىنىڭ يات مىللەت تەپەككۇر رامكىسى ئىچىدە تەپەككۇر قىلىشى، پىكىر يۈرگۈزىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ پىكرى-تەپەككۇر ئىگىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن پىكرى مەيدانىدا مەغلۇب

قىلىش ئارقىلىق بۇ مىللەتنىڭ مەسىلىلەر ۋە شەيئىلەرنى يات مىللەتنىڭ تەپەككۇرى ۋە پىكرى بىلەن تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر قىلىشىنى رۇياپقا چىقىرىش.

3 - ئىسلام ئۈممىتىنى چېچىلاڭغۇ، ئىتتىپاقسىز بىر ئۈممەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، بىرلىشىش مەيدانىدا مەغلۇپ قىلىش. ئۇلار بۇ ئورۇش ۋاستىلىرىنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن خاس بولغان پىلان ۋە ئالاھىدە تاكتىكىلارنى تۈزۈپ چىقتى. كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سەل قارايدىغان بۇ تەرەپلەردە، غەرب دۇنياسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بۇ پىلان لاھىيە، ئەمەلىيەتتە نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا.

شۇنداق! ھەقىقەتەن ئۈن - تۈنسىز، ئىس - تۈتەكسىز بولۇۋاتقان بۇ جەڭنى توختاتماق مۇشكۇل بىر جەڭدۇر. چۈنكى بۇ جەڭنىڭ قوراللىرى بولسا، پىكىر، سۆز، كۆز قاراش، ھىيلە - مىكىر، قايمۇقتۇرغۇچى نەزەرىيەلەر، باتىل شۈبھىلەر، قالايمىقان ياسالما مەنتىقىلەر، ئۈستىكارلىق، نەيرەڭۋازلىق، كۆزبويامچىلىق، ئايىغى چىقماس تۈگمەس جېدەل - ماجىرا، دەلىل پاكىتسىز قۇرۇق داۋا، سۆزلەرنى ئۆز ئورۇنلىرىدىن ئۆزگەرتىپ توقۇش، ھەقىقەتلەرنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىش، ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قورال - ياراق، ئوق - دورا ئورنىدا تۇرىدىغان بارلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىش بولۇپ، بۇ ئورۇش بىلەن زامانىۋى ئورۇش قوراللىرى پەقەت ئىشلەتكەن ۋاستىدىلا پەرقلىنىدىغان بولسىمۇ، ئاساسى غايە نىشانى بىردۇر. مانا بۇ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان ھۇجۇمدۇر.

شەك يوقكى بۇ پىكرى ئېقىمنىڭ ئارقا سەپىدە ئۇلارنى قوللايدىغان قانۇن - تۈزۈلمە، ياردەم بېرىدىغان ھاكىمىيەت كۈچى، ۋە ئورگان مۇئەسسەسەلەر بار بولۇپ بۇ ئارقا تەرەپتىكى كۈچ ئاساسلىق ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ.

1 - پىكرى خاراكتېرنى ئاساس قىلغان بۇ شەرقشۇناسلار، خىرىستىئان دىنىنى تارقاتقۇچى مىسسىئونېرلار ۋە غەربلىشىشكە چاقىرغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2 - ئەسكىرى كۈچ ئاساسى ئورنىدا تۇرىدىغان بولۇپ يەھۇدى قىساسچىلىرى، غەرب مۇستەملىكچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن قېرىنداشلار! بۇ ماقالە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ سوئالنىڭ جاۋابىنى قىسقىچە يورتۇپ بېرىشنى نىشان قىلىدۇ.

شەرقشۇناسلىق دېگەن نېمە ؟

شەرقشۇناسلار دېگەن كىم ؟

ئۇلارنىڭ غايە نىشانى نېمە ؟

شەرقشۇناسلىق ئاتالغۇسى بولسا غەربنىڭ ئۆزىدىن باشقا قەۋم - مىللەتنىڭ، دىنى ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتى، پسىخكىسى، ياشاش ئۇسلۇبى، ئېتنىك ئەھۋالى، تارىخى، تىللىرى، ئىجتىمائى ئەھۋاللىرى،

شەھەرلىرى، زېمىن تۇپراقلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ۋە ئۇلارغا ئالاقىدار بولغان بارلىق نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەننى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇدۇر.

يۇقىرىقى تونۇشتۇرۇشتىن مەلۇم بولىدۇكى شەرقشۇناسلار بولسا غەربلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ساھەلەر توغرىسىدا تەتقىقاتلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىش، خىرىستىئان دىنى تارقاتقۇچىلىرى ئۈچۈن دىنى تارقىتىش غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرەكلىك تەتقىقاتلار بىلەن تەمىنلەش، ۋە غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مۇستەملىكە قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىشى ئۈچۈن لازىملىق تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچىلاردۇر.

دوكتۇر ئابدۇراھمان ھەنبەكە مۇنداق دەيدۇ: بۇلارنىڭ ئاساسلىق نىشانى بولسا بىر تەرەپتىن دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ دىنى تارقىتىشنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن تاجاۋۇزچى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىسلام ئەللىرىنى بېسىۋېلىش ئارزۇ- غايىسىگە يېتىشىكە خىزمەت قىلىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسلامغا قارشى جەڭ قىلىشى، ۋە ئىسلام ئۈممىتىنى يىمىرىپ تاشلىشى ئۈچۈن لازىملىق تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ .[9]

بىز شەرقشۇناسلىقتا مۇلاھىزە يۈرگۈزگىنىمىزدە ئۇنىڭ غەرب دۇنياسىغا ئىسلام دۇنياسىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئىسلامنىڭ كۈچ- قۇۋۋەت نۇقتىلىرىنى تونۇشتۇرۇش، ئىسلامغا ھىلە- مىكىر قىلىش، شۇنداقلا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ئاجىز نوقتىلارنى بىلدۈرۈشنى غايە قىلغان پىكرى ھۇجۇم مۇئەسسەسەلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئالاھىدە بىر ئورگان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

بىز بۇنىڭدىن شەرقشۇناسلىقنىڭ خىرىستىئان غەرب دۇنياسىغا خاس بىر تەبىر ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن بولساقمۇ لىكىن شەرقشۇناسلىقدىن ئىبارەت بۇ قورالنى بۈگۈنكى كۈنىمىزدە، خىتاي ۋە بىرمىغا ئوخشىغان شەرقنىڭ تاغۇتلىرى، تاجاۋۇزچى زالىم كومىنىستلار شەرقى تۈركىستان ۋە ئاراكاندىكى مۇسۇلمانلارغا قوللىنىۋاتقان بولسا ئەرەب ئەللىرىدە زالىم مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر ئۆز مىللىتىدىن بولغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ئىشلەتمەكتە.

بۇنىڭ بىلەن شەرقشۇناسلىقدىن ئىبارەت بۇ تەتقىقات زالىم تاغۇتلارنىڭ كىشىلەرنى قۇل قىلىشى، ئېزىشىغا ياردەمدە بولىدىغان ئاساسلىق قورالىغا ئايلاندى .

دوكتۇر ئەبدۇرراھمان سۇمەيرە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

دەۋرىمىزدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ بەزىسى ئۆزلىرىنىڭ رەسمى سىياسىتىدە شەرقشۇناسلار ئارقىلىق ياردەم تەلەپ قىلماقتا

بۇ مەيداندا ياپونىيە ، خىتاي ، ۋە

9 أجنحة المكر الثلاثة ، د عبدالرحمن حنبكة 50

uyghurkitap.com



كورىيەگە ئوخشاش سانائەتلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن يىراق شەرق دۆلەتلىرىنىڭ بەزىسى غەرب دۇنياسىدىن ئېشىپ چۈشمەكتە.

ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا بۇ دۆلەتلەر شەرقشۇناسلىق ئاتالغۇسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالمىسىمۇ لېكىن ئۆزلىرىگە تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىس، دېگەن ناملارنى ئىشلىتىدۇ.

بۇنىڭدىكى تۈپكى سەۋەب شەرقشۇناسلىق ئاتالغۇسىغا قارىتا مۇسۇلمانلاردا پەيدا بولغان چۈشەنچە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئاتالغۇدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈندۇر.[10]

چۈنكى شەرقشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناس دېگەن بۇ ئاتالغۇ، ئۆز دىنىغا، ئىسلام مىللىتىگە، ئىسلام مەدەنىيىتىگە ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قارىتا قىزغىنلىقى بار ھەرقانداق بىر مۇسۇلماندىن ئالاھىدە سەزگۈرلۈكنى تەلەپ قىلىدىغان بىر ئىباردۇر.

مانا بۇ جەھەتتىن شەرقشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناسلار بۇ ئەسىردىكى ئىسلام دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ ئورنىنى يوقىتىپ قويدى. شۇنداقلا بۇ ئاتالغۇنى تىلغا ئېلىش كىشىلەرنىڭ قاتتىق نەپرىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھالغا يەتتى.

شۇنىڭ بىلەن غەرب دۇنياسى شەرقشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناسلار ئاتالغۇسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىستېمال قوللانمىسىدىن چېكىندۈرۈپ، شەكىل جەھەتتە ئوخشىمايدىغان، مەزمۇن جەھەتتە بىر بولغان ئورۇنباسار ئاتالغۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ سەزگۈرلۈكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە باشلىدى.

غەربلىكلەر بۇگۈنكى كۈندە شەرقشۇناسلىق ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىغا. «ئوتتۇرا شەرق تەتقىقاتى» شەرقشۇناس ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىغا «ئوتتۇرا شەرق مۇتەخەسسىسى» دېگەندەك يېڭى ئاتالغۇلارنى ئىشلەتمەكتە .

## شەرقشۇناسلىقنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى

شەرقشۇناسلىقنىڭ تۈزۈلمە ۋە ھەقىقى باشلىنىش نوقتىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن بېكىتىش قىيىن بولغىنىدەك، شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىغا تۈنجى يۈزلەنگۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ بېكىتىش قىيىن بىر مەسىلە.

بۇنداق بولىشىدىكى ئامىل شەرقشۇناسلىق ئەسلىدە شەخسى تىرىشچانلىقلارنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان بولۇپ، تېزلىكتە تۈزۈلمىگە ئىگە بىرھەرىكەت ۋە خىلمۇ خىل مۇئەسسەسە ئورگانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مىخانىزىمغا ئايلانغانلىقىدىندۇر.

شۇڭلاشقا تەتقىقاتچىلار شەرقشۇناسلىقنىڭ تارىخىنى بېكىتىشتە، شەرقشۇناسلىقتىن

10 الاسلام و المسلمون بين أحقاد التبشير و ضلال الاستشراق 18.

بولغان ئەسلى مەقسەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بېكىتىشتە ئوخشىمىغان پىكىردە بولغىنىدەك ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان .

مەسىلەن: شەرقشۇناسلىق نوقۇل شەرق ئەللىرىنى كېزىشمۇ؟

ياكى شەرق ئەللىرى توغرىسىدا بىرە پارچە كىتاب يېزىشمۇ؟

ۋە ياكى نېمە غەرەزدە بولسۇن شەرق ئەللىرىگە ئالاقىدارلىق تەتقىقاتلاردا كەڭرى دائىرلىك چۆكۈشمۇ؟

يۇقىرىدىكى بۇ پەرىقلىق قاراشلارغا ئاساسەن بەزى ئالىملار شەرقشۇناسلىقنىڭ تارىخى توغرىسىدا ،

دەمەشقلىك خىرىستىئان يۇھەنناغا ئوخشاش ئىسلام تەتقىقاتى توغرىسىدا كىتاپ يازغان خىرىستىئانلارنىڭ يازمىسىغا تايانغان ئاساستا ، شەرقشۇناسلىق مىلادىيە يەتتىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىردا پەيدا بولغان دېگەن قاراش بار.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار بولسا مىلادىيە ئونىنچى ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن دەيدۇ. چۈنكى بۇ ئەسىردە ئاندولۇس. (ھازىرقى ئىسپانىيە) ئىلىم ـ مەرىپەت، مەدەنىيەت ۋە ھازارەتتە شانۇ ـ شاۋكەتكە تولغان ئىدى. خىرىستىئان راھىبلىرى ئاندولوسقا ئۆزۈلمەي كېلىپ كېتىپ تۇراتتى، ئۇلار ئاندولوس مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلاتتى، قۇرئان كەرىم ۋە ئەرەبچە كىتابلارنى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىشاتتى، بۇلارنىڭ ئاساسلىق باياراقدارى راھىب جوربورت بولۇپ ئەرەپ تىلىنى پىششىق ئىگەللىگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ سىلپىستىر ئىككىنچى نامىدا پاپالىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغان ئىدى.

بۇ يەردە يەنە شەرقشۇناسلىقنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولغان ئەھلى سەلىب ئۆرۈشلىرىنىڭ نەتىجىللىرىدىن دەپ قارايدىغانلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئەھلى سەلىبلەر مۇسۇلمانلارنى مەغلۇپ قىلىش ئۇلارنى دىنىدىن ئايرىۋەتكەندىلا ئەمەللىلىشىدىغانلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن قۇراللىق جەڭلەردىن پەرىقلىنىدىغان يەنە بىر جەڭگە يۆتكەلدى، بۇ جەڭ كېيىنچە پىكرى ئۇرۇش دەپ تونۇلدى.[11]

يەنە بىر بۆلۈك ئالىملار ناپالىئون ـ 1798 ـ يىلى مىسىرنى بېسىۋالغان ۋاقىتتا شەرقشۇناسلىقنى مۇستەملىكە قىلىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللانغان دەيدۇ.

مېنىڭ كۆز قارىشىم بولسا شەرقشۇناسلىق ئون سەككىزىنچى ئەسىردە ئاچكۆز غەرب تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ كەڭرى بىپايان مول بايلىقلارغا ئىگە شەرق ئەللىرىنى دىن ۋە ئىرىق ئايرىماستىن ئومۇمى يوسۇندا مۇستەملىكە قىلىش، خاس دائىرىدە مۇسۇلمانلارنى يوق قىلىش ۋە بېسىۋېلىش غەرىزى ئاساسىدا رەسمى ھالدا پەن، تۈزۈلمە، ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئايلانغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ پىكرى ھۇجۇم قىلىش،

11 أخطار الغزو الفكري على العالم الاسلامي ،د. صابر طعيمة

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەك ـ شۈبھە، پىتنە ـ پاسات تارقىتىش ۋە ئىسلامدىن كىشىلەرنى توسۇشتىن ئىبارەت ئەسلى ماھىيىتىنىڭ ئىسلامنىڭ تۇنجى سۈبھى دەۋرلىرىدىن باشلاپ مەككە مۇشرىكلىرى ۋە مەدىنىدىكى مۇناپىقلار ۋە يەھۇدىلار تەرىپىدىن بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز.

## شەرقشۇناسلارنىڭ غايىللىرىگە يېتىشتىكى ۋاستىللىرى

شەرقشۇناسلار ئۆز نىشان غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، پىكىرلىرىنى تارقىتىش، ۋە پىلانلىرىنى ئەمەللەشتۈرۈشتە ھەرقانداق ۋاستە ۋە يول تاللىماي ماڭىدۇ.

ئۇلاردىن بىر قانچە تۈركۈمدىكى تەتقىقاتچىلار ھەرقايسى ساھەدىكى شەرقشۇناسلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بۈنگىچە قارىتا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ۋاستە ۋە ئۇسلۇبلارنى تېپىپ چىقىشتى.

1 ـ خۇسۇسەن ئىسلام دۇنياسى ئەللىرىدە ۋە ئومۇمەن شەرق ئەللىرىدە ئىسلامدىن خالى ھالدىكى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىرىدىغان، شۇ ئەۋلادلارنى يېڭى ئەسىردىكى پىكرى ئىقىم ۋە پىرىنسىپلارنى قارغۇلارچە قوبۇل قىلىدىغان ھالەتتە تەربىيىلەپ چىقىرىدىغان ئىلمى ئۇنىۋېرسىتېتلارنى تەسىس قىلىش.

2 ـ ئومۇمى رەۋىشتە شەرق ۋە ئىسلامغا مەنسۇپ بولغان ئىلمى ئېنسىكلوپېدىيە (ئوكيانوسلارنى(تۈزۈش، بۇ ئوكيانوس مەرىپەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇش، ۋە ئۇنى شەرقشۇناسلىق پىكىرلىرىنىڭ ھىلە ـ مىكىرلىرىنى سىڭدۈرۈشتە ۋاستە قىلىش، شۇنداقلا ئىسلام ئەۋلادلىرىنى ئۇنىڭدىكى مەلۇماتلارغا قانائەتلەندۈرۈش.

3 ـ ئەرەب ئىسلام دۇنياسى ۋە شەرق تەتقىقات مەركەزلىرىنى غەرب ئۇنىۋېرستېتلىرىدا ئومۇمى رەۋىشتە تەسىس قىلىش. ۋە ئۇنى ئىسلام ئوغلانلىرىنى ئوۋلاش ئۈچۈن قىلتاق قىلىش، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى پىكرى، ئەخلاقى، روھى جەھەتتىن قۇل قىلىش.

4 ـ ئۆزلىرىنىڭ غايىسىگە ماس كەلگەن ھالدا ئىزاھلانغان ئىسلام، مۇسۇلمانلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، قۇرئان، ئىسلام تارىخى ۋە ئىسلامنىڭ ئىجتىمائى مۇناسىۋىتى قاتارلىق خىلمۇ خىل ساھالەردە كىتابلارنى تۈزۈش ۋە نەشر قىلىپ مۇسۇلمانلار ئارىسىغا تارقىتىش.

5 ـ ئىسلام، مۇسۇلمانلار، ۋە ئۇلارنىڭ يۇرت ماكانلىرى، ئۆرپ ئادەتلىرى ھەققىدە تەتقىقات خاراكتېرىگە ئىگە ژورناللارنى چىقىرىش.

6 ـ شەرقشۇناسلىق نىشانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا پىكىر ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن شەرقشۇناسلىق مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئېچىش.

7 ـ ئىسلام دۇنياسى زىيالىللىرىنى قانائەتلەندۈرۈش، شەرقشۇناسلىق پىكىرلىرىنى تارقىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى نىشان قىلغان

پىكىر ئالماشتۇرۇش نامى ئاستىدىكى ئۆچرىشىشلار ۋە يىغىنلارنى ئېچىش. يەرلىك گېزىت - ژۇرناللاردا شەرقشۇناسلىق پىكىرلىرىنى تارقىتىدىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلىش.

ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىلار، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىلىرى، ئەدەبىياتچى تىلشۇناسلار، شائىرلار قاتلىمىدىن يالانما ئىشلەمچىلەرنى تاپتى. بۇ يالانما خادىملار شەرقشۇناسلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئىسلام ئوغلانلىرىنىڭ ئۈستىگە ئاتتى - دە قەلەملىرى، نۇتۇقلىرى بىلەن ئۈممەت ئىچىگە سىڭدۈردى. چۈنكى ئۈممەت تونىغا ئورۇنۇۋالغان بۇ كىشىلەرنىڭ تەسىر كۈچى زور ئىدى.

بۇلار ئەملىيەتتە شەرقشۇناسلارنىڭ قولچوماقچىلىرى، يالانما چاكار قۇللىرى ۋە غەربلەشكەن شەرقلىقلەرگە ئايلانغان ئىدى.

8 - شەرقشۇناسلار مۇسۇلمان ئاياللارنى ئاياللار ئەركىنلىكى، ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى، ۋە ئاياللارنى ئازات قىلىش نامى ئاستىدا ئاياللارنى بۇزۇش ئۈچۈن ناھايىتى زور دەرىجىدە كۈچ سەرپ قىلدى.

شەرقشۇناسلار ۋە دىن تارقاتقۇچى مىسسىئونېرلار، ۋە تاجاۋۇزچى مۇستەملىكىچىلەر ياردىمىدە تەلىم - تەربىيە ساھەلىرىگە يۈزلىنىپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدە پاسادچىلىق بىلەن تولغان خىتايلاشتۇرۇش، غەربلەشتۈرۈش تەربىيە پىرىنسىپلىرىنى ئورنۇتۇشقا ئۇرۇندى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمان ئەۋلادلارنىڭ ئىچىدە تۇرمۇش ۋە ئەقلى تەپەككۇردا خىتايلاشقان، غەربلەشكەن، قەلبلىرىدە ئىسلام قىممەت قاراشلىرى يوقالغان ياكى ئاجىزلاشقان بىر ئۈممەتنى مەيدانغا چىقاردى - دە بۇنىڭ مەھسۇلىنى ئۆزى كۈتكەندىنمۇ ئارتۇق كۆردى.

لېكىن قانخور خىتايلارنىڭ ۋاستىلىرى تاجاۋۇزچى غەرب ۋاستىلىرىدىن روشەن پەرقلىقتۇر. شەرقشۇناسلار بولسا زەھەرلەنگەن ھىلە - مىكىرلىرىنى كىتابلاردا تارقىتىش ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن چەكلىنىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھىلە - مىكىرلىرىنى بىلىپ قېلىپ ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىدۇ.

ئەمما يەجۇج مەجۇج نەسلىلىك قانخور خىتايلار بولسا، كۆپىنچە ۋاستە ئۇسلۇبلىرىنى ئوچۇق ئاشكارا مەجبۇرلاش، ئۆلتۈرۈش ۋە خورلاش بىلەن ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسىي - تۈپ سەۋەب ئۇلارنىڭ ئادەملىك، ئىنسانىيلىك تۇيغۇلىرىنىڭ يوق ئىكەنلىكى بولۇپ، بۇلار نە ھازارات نە مەدەنىيەت نە ئىنسانىيلىق مەنالىرىنى بىلمەيدىغان ئۆزلىرىنى مايمۇننىڭ ئەۋلادى دەيدىغان، ئىنسانى مەدەنىيەتتىن خالى بولغان مەخلۇقدۇر.

ئۇلارنىڭ مەدىنىيەت ئۆرپ - ئادەتلىرى ساليوت ۋە پانۇسلار بىلەن جىن - شاياتۇنلارنى قوغلاش، بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشتا خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئىپپەت نومۇسىنى سۇيئىستېمال قىلىشتىن باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نەرسە ئەمەس.

ئۇلار قايسى مەدەنىيەتتىن سۆز ئاچىدۇ؟ ئەجابا ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى بارمۇ؟ سىياسى پاھىشە، جىن شاياتۇنلارنى قوغلاش ئەقىدىسى بىلەن كىلىپ چىققان ساليوت پانۇسلار مەدەنىيەتمۇ؟

ئۇلاردىكى مەدەنىيەت بىر پۈتۈن ئوغرىلانغان مەدەنىيەت بولۇپ، بۇلارنى مەدەنىيەت ئوغرىسى دەپ ئاتاشمۇ تامامەن توغرىدۇر.

ئۇلار ھازىرغىچە ئوغرىلىق، تاجاۋۇزچىلىق، بۇزۇقچىلىقتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بىر خەلقتۇر.

9 - تەربىيەۋى خاراكتېرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پىلان بولۇپ، پىكرى ھۇجۇم دۈشمەنلىرى، بۇنىڭدا ۋاستىلىق ۋە ۋاستىسىز بولغان ئىككى يولنى تاللىدى.

ۋاستىلىق يول بولسا ئىنىستۇت، دىن تارقىتىش ئورگانلىرى، ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلاردا ئېچىلغان غەرب ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ۋە ئاتالمىش كۆگزى مەدەنىيىتىنى تارقىتىش مەكتەپلىرىدۇر.

ئۇلار بۇ ئارقىلىق خىتاي ۋە غەرب مەدەنىيىتىنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىدىغان، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت روھىنى ئۆزىگە قانغىچە سىڭدۈرگەن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

ۋاستىسىز يول بولسا دوكتۇر رامىزان ئەلبۇتى دىگەنىدەك مەكتەب ۋە ئاتالمىش ئىنىستوتلاردا خىلمۇ - خىل سەۋىيە ۋە باسقۇچلاردا تەلىم تەربىيە بىلەن بويالغان ئاشۇ بويالمىلاردا ئەكس ئىتىدۇ.[12]

ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى غەرب ۋە خىتاي مەدەنىيىتىنى سۇ ئىچكەنىدەك ئىچكەن بولۇپ، غەرب ئۇلارنى خۇددى بىر ماشىنا ئادەمگە ئايلاندۇرغان.

## شەرقشۇناسلارنىڭ ئەڭ خەتەرلىك ۋاستىللىرى

شەرقشۇناسلار ئىسلامنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش، مۇسۇلمانلارنى پارچىلاش، ئىسلام تارىخىنى بۇرمىلاپ كىشىلەرگە سەت كۆرسىتىش، ئۇممەتنىڭ كەلگۈسىنى مەۋھۇملاشتۇرۇش، مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇش، ئەۋلادلارنى دىنىنى تاشلاشقا، ۋە بۇگۈنكى ماددى مەدەنىيەتنىڭ ئۇسلۇب ۋە مىتودلىرىغا ئەگىشىشكە چاقىرىش ئۈچۈن قوللانغان ئاساسلىق پىكىر- ۋاستىللىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1 - ئىسلام دىنىنىڭ مەنبەلىرىدە ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدە شەك- شۈبھە پەيدا قىلىش.

2 - ئىسلامنىڭ قانۇن ئەھكاملىرىنىڭ مەنبەلىرىدە شەكلەندۇرۇش، ۋە ئۇنىڭغا سەل قارايدىغان، ئېتىبار بەرمەيدىغان قىلىش.

12 حوار حول مشكلات حضارية ٦١،٦٢ د رمضان البوطي

3 ـ كىشىلەرنى ياسالما ـ ئويدۇرما پاكىتلار بىلەن قايمۇقتۇرۇش .

4 ـ ئىسلام دىنىغا يات بولغان پىكىرلەرنى ئاتالمىش پىكىر ئەركىنلىكى دېگەن قالپاق ئاستىدا چىرايلىق كۆرسىتىش.

5 ـ ئىلان تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ۋە خىتايلاشتۇرۇشنىڭ مەنپەئەتىگە ئىشەنچلىك ياردەمچى سۈپىتىدە ئىشقا سېلىش ئارقىلىق، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھايات قارىشى، كىشىلىك قارىشى، ئىجتىمائى ۋە ئىلمى ھالىتىدە غەرب مەدەنىيىتىنى ئاساسى تايانچا ۋە يادرولۇق ئايلاندۇغۇچ كۈچ قىلىش ئۈچۈن غەرب مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش

6 ـ تارىخنى بۇرمىلاپ، ئۇممەتنى ئۆزىنىڭ تارىخىدىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى بايلىقىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخنى ئۆزلىرى خالىغانچە يېزىش. ۋە ئىسلام تارىخىنى كىشىلەرگە زۇلمەت، ئەيش ئىشرەت، قۇللۇق تۈزۈم بىلەن تونۇشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ئۇممەتنى ئۆز تارىخىدىن سەسكەندۈرۈش.

دوكتور رامىزان ئەلبۇتىي مۇنداق دەيدۇ:

بۇنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ شۇنداقلا ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ تارىخى كۆرۈنۈشىدە بولۇپ، بۇلار قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئاساسى يېتەكچى قىلىپ چىققان، ئىلمى ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولغان ئىسلام پىكرىنىڭ يىلتىزىنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، بىر مەھەل ئۇتتۇرغا چىقىپلا يوقالغان، ئەقىدىدىكى ئاشقۇنلۇقى تۈپەيلى داۋالغۇغاندىن كېيىن بېسىققان، ئەمەلىيەتتە ئىسلامغا ۋەكىل قىلىپ قاتارغا ئالغىلى بولمايدىغان مۇئتەزىللەر، جەھمىلەر، مۇرجىئەلەر ۋە خاۋارىجلارنىڭ مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختۇلۇپ ئۇنى كەڭرى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى ئىسلامنىڭ يۈزى قىلىپ كۆرسۈتىدۇ.

بۇ ئېقىملارنىڭ مەسىلىلىرى بولسا ئاللىبۇرۇن خوجىلىق تەختىدىن چۈشۈپ يوقالغان مەسىلىلەر ئىدى.

بۇ پىلان تۈزگۈچىلەرنىڭ بۇنىڭدىكى نىشانى بولسا بۇ داۋالغۇش دۈغلىرى بىلەن ساپ بولغان ئىسلام تەپەككۇرىنى ۋە بۇ ئۇممەتنىڭ كۆپچىلىكى تۇتۇپ ماڭغان، قۇرئان ۋە سۈننەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەقىدىنى پارچىلاپ يوقىتىشتۇر.

ئىسلام پەلسەپە تارىخىدا بولسا بۇ مەككارلار ئىسلام مۇپەككۇرلىرى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن كەشپ قىلغان ئىلمى مەنھەج كارۋانلىرىدا ئىلگىرلىگەن ۋە تەرەققى قىلغان ئىسلام پەلسەپىسىنى كۆمۈش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىدۇ، ئاندىن ئىسلامنىڭ پىكرى تارىخىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىشىدۇ ـ دە يۇنان پەلسەپىسىگە دۇم چۈشىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئۈستىگە تىكلەنگەن ئېگىز خادىلارغا بايراقلارنى

uyghurkitap.com



ئىسسىپ ئەتراپىدا داقا - دۇمباقلارنى چېلىشىدۇ.

ئارقىدىن يەنە يېڭى ئىسلام پىكرىنى كونا تەقلىدى پەلسەپەنىڭ زۇلمەتلىرىدە مۇسۇلمانلارنى تىيە چۆللەردە بىر ئوقدا ئازدۇرماق ۋە بوددىزىم ۋەھىملىلىرىنىڭ پىكرى قالايمىقانچىلىقىدا يىراق ئۆتمۈشكە تۇيدۇرماستىن قايتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

بۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئىمام غەززالى ئىمام رازى ۋە ئىمام باقىلانى ئوتتۇرغا قويغان پەلسەپە پىكىرلىرىگە قارشى چىقىدۇ.

تەسەۋۋۇپ تارىخى ۋە ئۇنىڭ بۈيۈك پىشۋالىرىغا نەزەر تاشلىساق، شەرقشۇناسلار ھەسەنۇل بەسرى، سۇفيان سەۋرى، ھارىس مۇھاسىبى، ئەھمەد ئىبنى ئەبىل ھەۋارى، ۋە جۇنەيدىد بەغدادىغا ئوخشىغان ئەۋلىيا ئىكراملارنىڭ ھاياتىغا پەردە يوپۇقلارنى تارتىدۇ.

بۇنىڭ قارشىسىدا تەسەۋۋۇپ تارىخىدىكى تەسەۋۋۇپ تونىغا ئورۇنۇپ ئىسلامغا باتىل پىكىرلەرنى كىرگۈزگەن كىشىلەرنىڭ تارىخىنى ۋە يول پىكىرلىرىنى قىزىپ چىقىرىشىدۇ. ۋە ئۇلارنى ھەقىقى تەسەۋۋۇپ پىشۋالىرىدىن قىلىپ كۆرسىتىشىدۇ.[13]

يۇقۇرقىلاردىكى ئاساسى مەقسەد: مۇسۇلمانلارغا ئىسلامنى داۋالغۇۋاتقان، مەۋقەسىز بىر دىن سۈپىتىدە كۆرسىتىش، ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ساپ نۇرىنى ئۆچۈرۈش.

7 - يالغان - ياۋىداقلارنى توقۇش، باتىل ئىللەت ۋە چۈشەنچىلەرنى ئىجاد قىلىش، پىكىر تەپەككۇرنى زەھەرلەيدىغان كاپسۇللارنى يوشۇرۇن ھالدا ھۇجۇم نىشانى قىلىنغان كىشىلەرگە تۇيدۇرماي ئۆرۈشتىن ئىبارەت رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىدۇ.

گاھى بۇ ھۇجۇم ئوبىكتى بولغان كىشىلەر بۇ زەھەرلىك پىكىرلەرنى ئاڭقىرماستىن خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشىدۇ. بىز شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار توغرىسىدا نېمە دەيدىغانلىقىغا باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا قانداق زەھەرلەيدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى:

بىرىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدە شەكلەندۇرۇش، ئۇنىڭغا ۋەھى چۈشكەنلىكىنى ئىنكار قىلدۇرۇش، ۋەھى كۆرۈنۈشلىرىنى خىلمۇ - خىل ئېلىشاڭغۇ ئىزاھاتلار بىلەن ئىزاھلاش، ئاندىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ۋەھى كۆرۈنۈشلىرىنى بېھۇشلۇق بىلەن ئىزاھلىسا، بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زېھنىدە چىرمىشالغان خىيالى تۇيغۇ دەپ ئىزاھلايدۇ، يەنە بىر قىسمى بولسا ئۇنىڭدىكى روھى كېسەللىك دەپ ئىزاھلىدى. لېكىن شۇ ئىنىقكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانىيەت رىئاللىقىدىكى ۋەھى كۆرۈنىشىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

ئىككىنچى: ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ

13 حوار حول مشكلات حضارية

ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشتا رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكىدە شەكلەندۈرۈشنى تۇتقا قىلىدۇ.

ئۇلار قۇرئان كەرىمدە كەلگەن ئۆتمۈشتىكى ئۈممەتلەرنىڭ تارىخى ھەقىقەتلىرىنى چۈشەنگەن، بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك بىر ئوقۇش يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر پەيغەمبەردىن سادىر بولىشىنىڭ مۇھال «ئىمكانسىز» ئىكەنلىكىنى تونىغان ۋاقىتتا خۇددى قەدىمدە ئەرەب مۇشرىكلىرى ئېيتقان شۇئارلىرنى جار سالىدۇ-دە ئېيتىدۇكى:

مۇھەممەد بۇنى ئەھلى كىتابدىن ئالغان.

مۇھەممەد ئۆزىنىڭ تالانتى ۋە ئالاھىدە ئىقتىدارى بىلەن ياساپ چىققان.

ئۈچىنچى: رەسۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش، ئارقىدىنلا ئىسلامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئۇ پەقەتلا يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ ئارلاشمىسى دەپ داۋراڭ سالىدۇ.

شەك يوقكى بۇلار بۇ پىكىردە خۇددى يەھۇدىلار تىيەھ چۆللىكىدە ئازغاندەك ئېزىقىش ئىچىدىدۇر.

چۈنكى ساغلام بولغان بىر ئىلمى دەلىل پاكىت بۇنى كۈچلەندۈرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسلامنىڭ مەنبەسى يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ ئارلاشمىسى دېگەن بۇ پىكىرلىرى قۇرۇق داۋادۇر، نىمشقا بۇنداق بولمىسۇن ؟! ھالبۇكى ئۇلار پەيغەمبەرلىك ۋە رەببانىيەتنىڭ مەنبەسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنمۇ ئۇقمايدىغان تۇرسا!

تۆتىنچى: مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئىلمى ئاساسى قىلىدىغان، دىنى ئىسلامنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى، قۇرئان كەرىمنىڭ بايانى بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك ھەدىسلىرىنىڭ سەھىھلىكىدە شەكلەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ.

ئۇلار بۇنىڭغا ئاساسلىقى ئىسلام ئۆلىمالىرى ھەدىسلەرنىڭ سەھى ۋە زەئىپلىكىنى ئايرىش ئۈچۈن تايانغان ئىنچىكە قائىدىلىرىنى، بۇ يولدا بەرگەن تىرىشچانلىقلىرىنى قەستەن بىلمەس قىياپەتكە كىرىۋېلىش بىلەن ھەدىسكە ئارىلىشىپ قالغان توقۇلما ھەدىسلەرگىلا ئېسىلىۋالىدۇ.

ھالبۇكى ھەدىس ئالىملىرى قويغان بۇ قائىدە قانۇنىيەتلەر، ئىنچىكە تەكشۈرۈش، ئۇسلۇب، يوللىرىنىڭ ئۇنىنىڭ بىرسىنى ھەتتا مىڭىنىڭ بىرىنمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابىنىڭ سەھىھلىكىنى بىكىتىشتە قوللانمىغان ۋە بۇ يوللارنى ئەسلا تونۇمىغان ئىدى.

بەشىنجى: ئەسىرلەر بويى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۈممەتلەردە ئوخششى بولمىغان بۈيۈك ئىسلام فىقھىسىنىڭ قۇرۇلمىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەكلەرنى پەيدا قىلىشىپ، ئۇ قەدىمكى رىم قانۇنىدىن ئېلىنغان دەپ داۋا قىلىشىدۇ. بۇ نېمە دېگەن كۈلكىلىك دەۋا ھە!

ئالتىنچى: ئەرەب ۋە مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى ئىلمى ئاتالغۇلاردا غەربلىكلەرگە بېقىندى ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەرەب تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى يۈكسەك دەرىجىدە مۇكەممەل ئەمەس دەپ كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ، ئىسلام ئۈممىتىگە غەربلىكلەرنى ئەدەبى ھۆكۈمرانلىققا ئىگە دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ، ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ بايلىقىدا شەك پەيدا قىلىدۇ.

يەتتىنچى: ئىسلامنىڭ مەدەنىيەت ھازارىتى گىرىك ھازارىتىدىن ئېلىنغان، مۇسۇلمانلارنىڭ پىكرى ئىجادىيىتى بولمىغان دېگەن باتىل داۋالار بىلەن مۇسۇلمانلار ھازارىتىنىڭ قىممىتىنى شەكلەندۈردى. ھەر ۋاقىت ئىسلام ھازارىتى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنى تىلغا ئالغان ۋاقىتتا، كەمچىلىك ۋە چاكىنا ئۇسلۇبلار بىلەن تىلغا ئالدۇ.

سەككىزىنچى: مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئىلمى بايلىقلىرىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، قوللىرىدىكى مەدەنى مىراسلار، يۈكسەك قىممەت قاراشلار ۋە ئەقىدىسىدە شەكلىنىش روھىنى تارقىتىش، بۇ ئارقىلىق تاجاۋۇزچىلارنىڭ بېسىۋېلىشىنى قولايلاشتۇرۇش، ئۇلارنى قۇللۇق ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ مەدىنىيىتى ۋە ھازارىتىنى يېيىش، ئاخىردا ئۇلاردىكى قارشىلىق ئەركىنلىك روھىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ.

توققۇزىنچى: تارىخنىڭ بوران چاپقۇنلىرىدا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى مىللەتچىلىكنى تاجاۋۇزچىلار - تۇرانىزىم، پىرئونىزىمنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىسلامى قېرىنداشلىق روھىنى ئاجىزلاشتۇردى.

مىللەتلەر، قەۋملەر ئارىسىدا ئۆچمەنلىك ئوتىنى ياندۇرۇش، شەھەر رايون دۆلەتلەر ئارىسىدا ئاتالمىش چېگرا توساقلارنى بەلگىلەش كۈندىن كۈنگە ئالاقىلەردە يېڭى توسالغۇلارنى پەيدا قىلىش، بىرلىشىش، يېقىنلىشىش ئامىللىرىنىڭ ئورنىغا پارچىلاش ، بۆلۈنۈش، ئىچكى ئۇرۇش ئامىللىرىنى ئۇلغايتىدۇ.

## شەرقشۇناسلىقنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللار

شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلام تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىغا بولغان تۈرتكىلىك ئامىللارنى چۈشەندۈرۈشتە بىر ياكى ئىككى ئامىل بىلەنلا چۈشەندۈرۈش قىيىن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى شەرقشۇناسلىق بولسا ئەسىرلەر بويى تۈرتكىلىرى خىلمۇ-خىل، تارىخى باسقۇچلىرى پەرقلىق بولغان چىگىشلىك بىر تارىخى كۆرۈنۈش. گاھى بىر ياكى بىردىن كۆپ ئامىل مۇئەييەن بىر

باسقۇچتا ئۆزىدىن باشقا ئامىللار ئۈستىدىن غالىب كېلىشى مۇمكىن .

ئەمما مۇمكىنچىلىك نەزەرىيەسىدىن قارىغاندا شەرقشۇناسلارنىڭ تۈرتكىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ۋە نىشانلىرى ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خرىستىيانلاشتۇرۇش ئورگانلىرى ۋە مۇستەملىكىچىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى... قاتارلىقلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى بايقايمىز:

### 1 - دىن تارقىتىش

مەلۇمكى شەرقشۇناسلىق ناسارا پوپ-راھىبلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ داۋاملىق تۈردە كېڭەيدى ۋە راۋاجلاندى.

شەرقشۇناسلارنىڭ كۆپىنچىسى خرىستىيان دىندارلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار خرىستىيان دىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىدىكى مۇسۇلمانلارنى ناسارالاشتۇرۇش، ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىگە بۇرمىلانغان ناسارالىق ئىدىيىسىنى كۆچەپ تەرغىپ قىلىپ، ھەقنى باتىل بىلەن يېپىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن تۈرۈتكىلىك رول ئوينىدى.

ئۇستاز دوكتۇر بەھىيل خولى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ناسارالار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا خرىستىيانلىقنى تارقىتىشقا ئاتلاندى، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن خرىستىيان دىن تەشۋىقاتچىلىرىنى تەربىيەلەپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى بۇرجەكلىرىگىچە ئەۋەتىپ شەرقشۇناسلىققا يۈزلەندى. بۇ ۋاقىتتا خرىستىيان دىن تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن مۇستەملىكىچى تاجاۋۇزچىلارنىڭ نىشانلىرى ئۆز ئارا ئۇچراشتى.

خرىستىيان دىن تەشۋىقاتچىلىرى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قوماندانلىرىنى خرىستىيانلىقنىڭ، شەرق مەملىكەتلىرىدىكى غەرب مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ ئاساسى بولالايدىغانلىقىغا ئىشەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن مۇستەملىكىچىلەر دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ يوللىرىنى قولايلاشتۇردى، ۋەئۇلارنى ھىمايە قىلدى»

بۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنى يېتەكچىلىكىگە بويسۇنۇۋاتقان توپلامنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىسلامنى تەنقىد قىلىش ۋە ئۇنىڭ روشەن ھەقىقەتلىرىنى بۇرمىلاشقا يۈزلەندى.

دىدىلەركى: «ئىسلام تارقىلىشى ھەقلىق بولغان بىر دىن، مۇسۇلمانلار بولسا بىر توپ قاراقچى ۋە قانخورلاردۇر»

ھازىرقى كۈنىمىزدە بولسا يېڭى مەدەنىيەتنى كۆرگەن غەربلىكلەرنىڭ ئېڭىدا خرىستىيان ئەقىدىلىرىنىڭ ئۇلى تەۋرەپ قالغانلىقى، پوپلاردىن ئالغان تەلىملاتلاردا مەۋھۇم نەرسىلەرنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن بۇ ھۇجۇملىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇلار بۇنىڭ ئالدىدا ئىسلامغا قاتتىق ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، غەربلىكلەرنىڭ ئېڭىنى خرىستىيان ئەقىدىسى ۋە مۇقەددەس كىتابلىرىغا ھۇجۇم قىلىشتىن ساقلىنىشتىن باشقا ۋاستىنى تاپالمىدى.

www.uyghurkitap.com



بۇ دىنى تۈرۈتكىدىن بولغان نىشان بولسا مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن چىقىرىش، مۇمكىن بولسا ناسارالاشتۇرۇش، مۇمكىن بولمىغاندا دىنسىزلاشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ئىقتىسادى ۋە سىياسىي مەنپەئەتلىرىدە ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

شەرقشۇناسلار مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن چىقىرىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ۋاستىلارنى قوللاندى. بۇلاردىن:

1 ـ مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن يالتايتىپ، دىننى ئۆچ كۆرىدىغان قىلىش.

2 ـ ئىسلامنى بۇرمىلاش، ئۇنىڭ ئاساسلىرىدا شەك پەيدا قىلىش.

3 ـ ئىسلام تارىخىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھازارىتىنى، ۋە ئىسلامغا مەنسۇپ ھەر قانداق ئىلىم، ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى بۇرمىلاش.

4 ـ قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنى قېزىش ۋە ئۇنى تىرىلدۇرۇش، پىرئەۋنىزىم، بابىلىزىم، شامانىزىم بۇددىدىزىم، تۇرانىزىم، تۇتىتىزىملارغا ئوخشىغان، ئازغۇن تائىپىلەرنى ۋە قەدىمكى ھەرىكەتلەرنى جانلاندۇرۇش.

5 ـ غەرب قانۇنلىرى ۋە خىرىستىيان تەلىماتلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىش.

6 ـ مۇسۇلمانلارنى يېڭى دەۋرىنىڭ نەپسىنى رام قىلىدىغان، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئىنتىلدۇرىدىغان، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ماددى مەدەنىيەتلەرگە بېرىلىشكە قىزىقتۇرۇش.

7 ـ ئىسلام پەيغەمبىرىنى «قانۇننى» رىم قانۇنىدىن ئېلىنغان دەپ پىتنە تارقىتىش.

8 ـ ئىسلام شەرىئەت ئەھكاملىرى بۈگۈنكى ئەسىرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ماسلىشالمايدۇ دەپ داۋراڭ سېلىش.

9 ـ ئەرەب تىلىنى قوللانماسلىق، ئەرەب ئېلىپبە ھەرپلىرىنى ئالماشتۇرۇش، ۋە ئۇنى قوللىنىدىغان بارلىق قەۋملەرنى بۇ تىلدىن يىراقلاشتۇرۇش، بۇنىڭ مىسالى تۈركىيەدە لاتىن ھەرپلىرىگە، ئوتتۇرا ئاسىيادا سلاۋيان ھەرپلىرىگە ئالماشتۇرۇشتا كۆرۈلدى.

## ئىككىنجى: مۇستەملىكە قىلىش تۈرۈتكىسى:-

بىلىشىمىز كېرەككى شەرقشۇناسلىق دەسلەپكى ۋاقىتتا مۇستەملىكە نەزەرىيەسى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان، پەقەت دىنى ۋە ئىلمى ئىستەكلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، غەرب شەرق دۇنياسىنى مۇستەملىكە قىلىشقا ئۇرۇنغان ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردەمدە بولىدىغان كۆپلىگەن مەلۇماتلارغا مۇھتاج بولدى. ۋە بۇنى شەرق بىلەن قويۇق ئالاقىسى بولغان شەرقشۇناسلاردا تەييار ئىكەنلىكىنى بايقىدى. بۇ نوقتىدا مۇستەملىكچىلەر شەرقشۇناسلار بىلەن چوڭقۇر ئالاقە باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقشۇناسلار مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ

نۇقتىلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، ئاجىز نۇقتىلىرىنى پۇرسەت بىلىش ئۈچۈن تەتقىقاتلىرىنى باشلىۋەتتى.

ئۇلار بۇ تەتقىقاتنى ناھايىتى ئىنچىكە ئېلىپ باردىكى، تەكشۈرۈشكە، تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ھېچ بىر تەرەپنى چالا قويمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا شەرق ئاھالىلىرى، ئادەت - ئەنئەنىلىرى، ئىقتىساد ۋە تىجارەت يوللىرى، كۈچ ۋە ئاجىزلىق نۇقتىلىرىدا كەڭرى ۋە تولۇق بولغان بىر مەلۇمات شەكىللەندى.[14]

مۇستەملىكە بىلەن شەرقشۇناسلىق ئارىسىدىكى ئالاقە كۆرۈنۈشلىرى:

1 - مۇستەملىكە ھەركىتىگە بىۋاستە قاتنىشىش ۋە ئارمىيە، ھۆكۈمەت، ئەلچىخانا، ئالاھىدە قىسىملاردا بەلگىلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆتەش.

2 - شەرقشۇناسلارنىڭ شەرق دۇنياسىنى كېزىشى، ۋە بۇنىڭدىن ئېلىنغان نەتىجىلەرنى كىتاب قىلىپ يېزىشى، شەكسىز غەرب دۇنياسىنىڭ شەرق دۇنياسىغا يۈرۈش قىلىشى، كېڭەيمىچىلىكى، بۆلۈشۈۋېلىشى، ۋە ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا مۇناسىپ ئورۇنلارنى تاللاشتا غەربلىكلەرنىڭ قارارى ئۈچۈن بەلگىلىك ھەسسە قوشتى.

تاجاۋۇزچىلار ئەسكىرى ۋە سىياسى جەھەتتىن ئىگەللەپ بولغان ۋاقىتتا بولسا ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە روھى ۋە مەنىۋى قارشىلىقنى ئاجىزلاشتۇرۇش، پىكىر قاتلىمىدا زەئىپلىك ۋە ئىنقىسىزلىقنى تارقىتىش بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ئازدۇرما ۋەسۋەسىلىرى، مۇسۇلمان ئوغلانلىرىنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى.

بۇلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى ساناش مۇمكىن:

1 - مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى بارلىقىدا شەكلەندۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىدە، شەرىئىتىدە، ئىنسانىي قىممەت قاراش ئۆلچەملىرىدە شەكلەندۇرۇش.

بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىش، ئۇلارنى غەرب قۇچىقىدا ئەللەيلىتىش، ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنى، پرىنسىپلارنى، ئەقىدىۋى كۆز قاراشلارنى، ئۆرپ ئادەتلەرنى ئۇلاردىن يۇلۇپ ئېلىش، ئاخىردا مۇسۇلمانلارنى غەرب ھازارىتى ۋە مەدەنىيىتىگە تولۇق بېقىندۇرۇش، ۋە بويسۇندۇرۇش.

2 - يېڭى چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش، ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئىسلام ئورۇنلاشقاندىن كېيىن پىرئەۋنىزىم، پىچىنەكىزىم، ئاشۇرىزىم قەدىمقى جاھىلىيەت مەدەنىيەتلىرى، ئەرەب، كورد، تۈرۈك، پارس مىللەتچىلىكىگە ئوخشىغان مىللەتچىلىكنى تىرىلدۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش.

14 الظاهرة الاستشراقية و أثرها فى الدراسات الاسلامية . د . سياسي سالم الحاج ، ج 1ص59.

بۇنىڭدكى نشان: ئىسلام ئەللرىگە هۆكۈمرانلىق قلش، ئۇلارنى قۇل قلشقا بولغان تەمە، زېمندا ئۈستۈنلۈك قازنىش ئۈچۈن ھەممە نەرسىگە ھۆكۈمرانلىق قلشقا ئۇرۇنۇش.

## ئۈچۈنجى: سىياسى تۇرۇتكە:

ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇستەملىكچىلەردىن ئازاد بولغىنىدىن ۋە تاجاۋۇزچىلاردىن قۇتۇلغىنىدىن كېيىن مۇستەملىكچىلەر ئۆزلىرىنىڭ سىياسى مۇددائالىرىنى كونسۇل، ئەلچىخانا، ۋاكالەتچىلەر ۋە ھەرخىل نامدىكى دۆلەت مۇئەسسەسەلىرى بىلەن قامداشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەرقشۇناسلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ماھىر سىياسەتچىلەر ۋە شەرق دۆلەتلىرىنىڭ ئەھۋالاتلىرىنى، ئۆرپ- ئادەتلىرىنى پىششىق بىلىدىغانلار بار ئىدى

ئۇلار بۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەرنى قوللاندى :

1 - سىياسەتشۇناسلار بىلەن ئالاقە باغلاش ۋە ئۇلارنىڭ پىكرىنى ۋە يۆلىنىشلىرىنى بىلىش ئۈچۈن مۇناسىۋەت ئورنىتىش.

2 - گېزىت ژورنال ۋە ئاخبارات ساھەسىدىكى كىشىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ پىكرى ۋە يۇرتىنىڭ ئەملى ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ئالاقە باغلاش .

3 - ئۆزلىرى خالىغان سىياسى يۆلىنىشنى تارقىتىش، ۋە ئۇنىڭغا قانائەت قىلدۇرۇش .

4 - ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ سىياسى غەرەزلىرىگە خىزمەت قىلىدىغان ياللانما يالاقچىلار بىلەن ئالاقە باغلاش.

5 - مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن شەكلى مۇسۇلمان، روھى غەرب ۋە خىتاي روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان سىياسەتچى ۋە باشلىقلارنى تەربىيلەش.

بۇنىڭدىكى نىشان : ئىسلام دۇنياسىنى سىياسى جەھەتتىن كونترول قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرت دىيارلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش.

قاراپ باقمامسەن ! غەربلىشىش ۋە خىتايلىشىش پىكرلىرى مۇسۇلمان خەلقلەر ئىچىدە قانداق تارقىتىلدى ؟ تۆمۈر خەلپە ۋە خوجا نىياز ھاجىنىڭ ئازادلىق ھەركىتىگە قانداق ھىلە - مىكىر تۇزاقلارنى قۇردى ؟ ئەللامە سابىت داموللام قۇرغان شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قانداق يىقىتتى ؟

شېھىتلارنىڭ قان بەدىلى بىلەن روياپقا چىققان شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھەركىتىنىڭ يۆلىنىشىنى قانداق ھىلە مىكىرلار بىلەن ئۆزگەرتىۋەتتى؟

يالاقچىلارنى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى بىلەن خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە قوزغاش، ۋە ئۆز ئارا قىرغىنغا سېلىش ئۈچۈن قانداق ئىشقا سالدى؟

ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسىگە قارشى ئىنقىلاب قوزغاش ئىشلىرىنى قانداق

پىلانلىدى؟

مۇسۇلمانلار دىيارلىرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ تىلى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىشكە قانداق مەجبۇرلىدى؟

مۇسۇلمانلارنى ئۆز ھازارىتى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن قانداق ۋاسىتىلارنى قوللاندى؟

دوكتور مەھمۇد زەقزۇق: مۇستەملىكە قىلىنغان شەھەرلەردە مۇستەملىكىچىلەر ئۆزلىرىگە تەۋە خىزمەتچىلىرىگە شۇ شەھەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتلىرى، دىنىنى ئۆگىتەتتى. بۇنداق قىلىش بولسا مۇستەملىكە قىلىنغان شەھەرلەرنى قانداق ئىدارە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشنى بىلىش ئۈچۈن ئىدى.

مانا بۇ بىز ئۈچۈن شەرقشۇناسلىقنىڭ مۇستەملىكىچىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئوچۇقلاپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئوچۇقلىمىسى بولسا شەرقشۇناسلىق خىزمىتى ۋە شەرقشۇناسلار بىلەن سىياسەتتە پايدىلىنىش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان تۇنجى ئورگاننىڭ 1787-يىلى مۇستەملىكە قىلىش مىنىستىرلىكىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا فرانسىيەدە ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىدۇر.

## تۇنجى: ئىقتىسادى تۇرۇتكە:

شەرقشۇناسلىق غەرب دۇنياسىغا سىياسى ئىقتىسادى يول خەرىتىسى سىزىش، شەرقنىڭ بايلىقلىرىنى قايسى يوسۇندا سۈمۈرۈش، ۋە شەرقنى غەرب كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارغا قايسى شەكىلدە بېقىندى قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ياردەمدە بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ شەرق ئەقلىيىتىنى تەتقىق قىلىشى ئۇلارغا شەرق جەمئىيىتى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، پسىخىكىسى ۋە شەرق ئۇنىڭغا مۇھتاج بولىدىغان بارلىق تەرەپلەرنى ئېچىپ بېرىدۇ بۇ ئارقىلىق ئۇلار مۇسۇلمان ئەللىرىنى غەرب ۋە خىتايدا ياسالغان مەھسۇلاتلارغا بېقىندى بولۇش دەرىجىسىگە ئېلىپ باردى، مۇسۇلمانلاردا بولسا ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ۋە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە بۇ ھەقتە ئويلىنىش بولمىدى.

دوكتور ئابدۇراھمان ھەسەن ئەلمەيدانى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

كۆپلىگەن غەربلىكلەرنى شەرقشۇناسلىققا قىزىقتۇرغان تۇرتكىلەردىن بىرى ئۇلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ بايلىقى ۋە ئىقتىسادىغا كۆز تىكىشىدۇر.

نىشانى بولسا: تىجارەت بازارلىرى، مالىيە ئورگانلىرى، زېمىن بايلىقلىرىنى ئىگەللەش، ۋە تەبىئي بايلىقلارنى مونوپول قىلىپ ئۇنىڭغا ئەرزان باھادا ئېرىشىش، كونا يەرلىك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى يوق قىلىپ، مۇسۇلمان ئەللىرىنى غەرب كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان نەرسىلەرگە بېقىندى قىلىشدۇر.[15]

بۇنىڭدىكى ئاساسلىق نىشانى:

1- بايلىق توپلاش ۋە ئىقتىسادى

15 أجنحة المكر الثلاثة . ص٩٣

Uyghurkitap.com

تەمەلـەر.

2 ـ شەرقلىقلەرنىڭ ئېڭىدا غەربنىڭ ھەر دائىم ئۈستۈن، شەرقنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ئورۇنلاشتۇرۇش.

3 ـ ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىش، غەرب ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش.

## بەشىنجى : ئىلمى تۈرۈتكە

شەرقشۇناسلاردىن ئاز بىر قىسمى ئەرەب ئىسلام دۇنياسىنىڭ گۈللەنگەن زامانىدا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلىم ـ مەرىپەتنى ئۆگىنىش ۋە ئىلىمگە بولغان ئىنتىلىش تۈرۈتكىسىدە بۇ ساھەگە كىردى.

بۇلار ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم كىشىلەر بولۇپ ئىسلام ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتە باشقا شەرقشۇناسلارغا قارىغاندا خاتالىقى ئاز بولغان، چۈنكى ئۇلار ئىسلامنى بۇرمىلاش ۋە بۇزۇشنى مەقسەد قىلمىغان ئىدى، ھەتتا ئۇلاردىن ماجارىستانلىق ئابدۇل كەرىم گىرمانۇس، فرانسىيەلىك شەرقشۇناس ناسىرۇددىن رىناغا ئوخشىغان بىر قىسىم ئالىملار ئىسلامغا كىرگەن.

بۇ تۈرۈتكىنىڭ ئارقىسىدىكى ئاساسلىق نىشان بولسا : ھاۋايى ھەۋەستىن خالى بولغان ئىلمى چۈشەنچىگە ئېرىشىش، ۋە ئەسلى ھازاراتقا باغلانغان ئاساسىدىكى ساغلام مەرىپەتنى ھاسىل قىلىش.

## شەرقشۇناسلار نەزىرىدە تەتقىقات ئۆلچەملىرى

ھەيران قالارلىقى شۇكى شەرقشۇناسلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ زېھنىدا مۇئەييەن بىر پىكىرنى خالىغانچە ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن دەلىللەرنى تۇرغۇزىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بۇ دەلىللەرنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكى مۇھىم ئەمەس، ئۇلارغا مۇھىم بولغىنى ئۆز پىكرىنى دەللەش، ئۆز كۆز ـ قارىشىغا بويسۇندۇرۇش، ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا شەيئىلەرنى ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈشتە نوقۇل ۋەھىمە خىياللارغا ئاساسلىنىدۇ. بۇ ئېنىقكى تەتقىقات قائىدىلىرى ۋە ئاساسلىرىغا زىتتۇر.

## تەتقىقات ئۆلچەملىرى :

1 ـ ھاۋايى ھەۋەس، كۆڭۈل خاھىشىنى ھاكىملىق ئورنىغا چىقىرىش، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى، خىرىستىيان دىنىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش ۋە خىرىستىيان ئەللىرى ۋە خەلقلىرىگە يان بېسىش.

2 ـ ئاۋال پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئاندىن ئۇنى كۈچلەندۈرىدىغان دەلىل ئىزدەش مەيلى ئۇ دەلىل بولۇشقا يارىسۇن ياكى يارىمىسۇن، ھەتتا قەستەن خاتاغا چىقىرىش، يالغاننى ئويدۇرۇش.

3 ـ قۇرئان ۋە ھەدىس تېكىستلىرىنى، ھادىسە ۋە رېئاللىقلارنى نىيەت ۋە غايىلەرنى، دەلىللەر ۋە ھەقىقى بەلگىلىرى بىلەن ۋە ياكى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تارىخى ئىسپاتلىغان

نەتىجىلەر بىلەن ئۇيغۇنلاشمايدىغان ھالەتتە ئىزاھلاش .

4 ـ كىچىك خاتالىقلارنى چوڭايتىش، ۋە ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنىڭ نامايەندىسى سۈرىتىدە كۆرسىتىش، ۋە ئىسلام تارىخىنىڭ پارلاق نامايەندىسىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش .

5 ـ ھەرقانچە مۇكەممەللىككە ئېرىشكەن ئۈممەتمۇ خالىي بولالمايدىغان نۇقسانلارنى توپلاش، ۋە ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي سۈرىتىدە ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىش .

6 ـ ئاۋام خەلق ئالدىدا توغرىدەك ھېس قىلىنىدىغان، ئەمەلىيەتتە ناتوغرا بولغان شۈبھە ۋە يالغان ياۋىداقلارنى تارقىتىش، ۋە سىرتقى كۆرۈنۈشى پال ـ پال ئەمما ئىچى غال ـ غال بولغان شوئارلارنى كۆچەپ توۋلاش. (ئاياللار ئەركىنلىكى دىگەندەك)

7 ـ ھاۋايى ـ ھەۋەس، كۆڭۈل خاھىشىغا ئۇيغۇن كەلگەن ئاساسى ئاجىز دەلىلگە يارىمايدىغان ھەدىس رەت قىلىنغان يات پىكىر، ئەقىل ۋە ياكى نەقىل تەرەپتىن تايانچىسى بولمىغان ئاساسسىز سۆزلەرگە تايىنىش .

8 ـ ھەقنى ھېچ قانداق دەلىلسىزلا رەت قىلىش.

9 ـ ئىسلام تارىخىنى، ھازارىتىنى، شارائىت، ئەقىدە ـ ئېتىقاد، تۈزۈلمە، رىئاللىق تەرەپلەردە بىر پۈتۈن پەرىقلىق بولغان غەرب مەدەنىيىتى ۋە تارىخى ئۆلچىمى بىلەن ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈش.

10 ـ ئومۇملۇققا يارىمايدىغان بەزىبىر يەككە ھادىسىلەردىن ئومومىي قائىدىلەرنى چىقىرىش.

11 ـ شەيئىلەر ۋە ۋەقەلەرنى ئىزاھلاشتا نوقۇل ھالدا گۇمان، پەرەزلەرگە تايىنىش .

12 ـ ئاللاھدىن قورقىدىغان مۆئمىننى نە ئەخلاق نە دىن تۇتقۇسى بولمىغان كىشىلەرگە سېلىشتۇرۇپ قىياس قىلىش.

13 ـ ئىسلام دىنىنى ئىزاھلاشتا خرىستىيان دىنىغا قويغان ئۆلچەم بىلەن ئىزاھلاش، «چۈنكى ئۇلار بۈگۈنكى كۈندىكى خرىستىيان دىنىنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگە تەلىمات ۋە خەۋەرلەرنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ». [16]

ۋە شۇنداقلا بۈگۈنكى كۈندىكى خرىستىيان دىنى بولسا كونستانتىن ۋە بولىس تەرىپىدىن تەرەققى قىلىپ كەلگەن بىر مىراس ئىكەنلىكىنىمۇ تەستىقلايدۇ .

بۇنىڭ بىلەن غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە دىن ئىجتىمائىي بىر كۆرۈنۈش بولۇپ ئۇلار بارلىق دىنلارنى مۇشۇ ئۆلچەمدە ئۆلچەيدۇ. باشقىلارنىڭ دىنىنى ھېچ بىر ۋاقىت ساغلام يوسۇندا تەتقىق قىلمايدۇ .

## شەرىقشۇناسلارنىڭ نىشانلىرى

يۇقىرىقى بايان ۋە ئوچۇقلىمىلاردىن

16 حوار حول مشكلات الحضارية ٢٤ ص

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېيىن شەرقشۇناسلارنىڭ ئاساسلىق نىشانىنىڭ ئۈچ نەرسە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

1 - ياۋروپادا خرىستىئان مۇخلىسلىرى بىلەن ئىسلام مۇخلىسلىرى ئارىسىدا، شەرقتە شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى بىلەن ختايلار ئارىسىدا دىنى دەۋەت ئېلىپ بېرىش ھەركىتىگە، ۋە ئۆز خەلقلىرىنىڭ ئىسلامنى توغرا چۈشۈنىشىگە توسالغۇ بولۇش.

شەرقشۇناسلار ئىسلامنىڭ يۈزىنى سەت كۆرسىتىش، ئىسلامنىڭ گۈزەللىكىنى پەردىلەش، بۇ ئارقىلىق ئۆز قەۋمىنى بۇ دىنىنىڭ ھايات نىزامىغا ماس كەلمەيدىغانلىقىغا قانائەتلەندۈرىدۇ.

مانا بۇ شەرقشۇناسلار ۋە مىسسونېرلار تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان ئەڭ خەتەرلىك بولغان بىر ھەركەت بولۇپ، ئەملىيەتمۇ بۇنى ئىسپاتلىدى.

شەرقشۇناسلار ياۋروپادا ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىكنى تارقىتىشتا ئوسمان خەلىپىلىكىنىڭ ئۇلارغا قىلغان جازا يۈرۈشلىرىنى پۇرسەت بىلىپ، خەلقنى ئۆزىگە ئىشەندۈردى. ئۇلار توختىماستىن ئۆچمەنلىكنى ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تاتقۇزۇش ئۈچۈن شۇبھە ۋە ياسالما، ئويدۇرما باتىللار بىلەن ئىسلامنى ياۋروپادىن پەردىلىمەكچى بولۇشتى.

2 - مۇسۇلمان ئەللىرىگە مۇستەملىكە قىلىشنى كۈچەيتىش، ئىسلام قارشىلىق ھەركەتلىرىنى باستۇرۇش، جىھاد كەلىمىسىنى ھەرخىل قەبىھ سۆزلەر بىلەن شەرھلەپ مۇسۇلمانلارنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن قايتۇرۇش، ئىبادەت ۋە زاھىدلىق بىلەن مەشغۇل بولۇشنى جىھاد قىلىشتىن ئارتۇق كۆرسىتىش، ۋە ئۇنى جىھاد ئەكبەر نامى ئاستىدا تەرغىب قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، ئىسلام ئەللىرىنى بۆلۈش، قانۇن، ئىقتىساد سىياسەت ۋە تەربىيۋى ساھەدىكى تۈزۈلمىلەردە غەرب تۈزۈلمىسىنى مەجبۇرى يۇمشاق ۋە قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن ئىسلام تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش.

3 - مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى يىلتىزىدىن، مەنبەلىرىدىن خىلمۇ- خىل ئۇسۇللار بىلەن ئايرىش، شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارنىڭ شەخسى ۋە ئىجتىمائى، نەپسى ۋە ئەقلى مەۋجۇدلىقىنىڭ ئاساسى ئۇلىنى يىمىرىش. بۇ ئارقىلىق مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مەدەنىيىتى، تەپەككۇرى ئالدىدا تىز پۈكتۈرۈش، ئاخىردا ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنى خرىستىيانلاشتۇرۇش ۋە ياكى دىنسىز ئاتېزىمنىڭ قۇللىرى قىلىشدىن ئىبارەتتۇر.



# نىجاتلىق يولى

مۇھەممەد ئەلى

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

«زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر-بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر»

بۇ مۇبارەك سۈرە ئۈچ ئايەتتىن تەركىب تاپقان، قىسقا ئەمما مەنىسى چوڭقۇر سۈرىلەردىن بىرى بولۇپ، بۇنىڭدا نىجاتلىققا ئېرىشىش (يەنى دوزاختىن قۇتۇلۇش) نىڭ تۆت شەرتى بايان قىلىنغان. مەزكۇر سۈرە قۇرئان كەرىمنىڭ ئاخىرقى سۈرىلىرىدىن بولسىمۇ تەرتىپ بويىچە باشتا نازىل قىلىنغان سۈرىلەردىندۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە قىيامەت كۈنىدىكى ھېساپ-كىتابتا جەھەننەم ئازابىدىن قۇتۇلۇپ نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان كىشىنىڭ: - چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئۆزئارا ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، ۋە بۇ يولدا مۇشەققەتلەرگە ئۇچرىغاندا بىر-بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. دېمەككى مەزكۇر تۆت خىل سۈپەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن مۆئمىن جەھەننەم ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە نائىل بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ، جەھەننەمگە كىرىدۇ.

ئەتراپىمىزغا نەزەر سالساق ھەر بىر ئادەمنىڭ نىجاتلىققا - ئۇتۇققا قارىتا چۈشەنچىسى ھەر خىل بولۇپ، مال - دۇنيا توپلاش، يۈز ئابرويى قازىنىش، ياكى كەسپىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىشتىن ئىبارەت ماددى - مەنىۋى ئېھتىياجىغا باغلىنىپ قالغان، ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا ھەر بىرىمىزنىڭ نىشان- غايىمىز ھاياتى دۇنيادا باياشات تۇرمۇش، يۈز-ئابرۇي ئۈچۈن ئۆلۈپ - تىرىلىشىمىزگە قارىماي پۇل تېپىش، مال- دۇنيا يىغىش. كىم باي بولسا ياكى يۈز- ئابرۇيلۇق بولسا، ۋە ياكى ھوقۇق-

www.uyghurkitap.com



مەرتىۋىسى يۇقۇرى بولسا - شۇنى ئۇتۇق قازانغان، ھەقىقىي پايدا تاپقان دەپ قاراش ئومۇملاشقان، ئەخلاق مىزانى پۇچەكلەشكەن بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز. ئەمما رەببىمىز ئاللاھنىڭ نەزىرىدە باي يا كەمبەغەل بولسۇن، مەرتىۋىسى قانچە يۇقىرى - تۆۋەن بولسۇن، ھەتتاكى ھېچ بىر كىشىنىڭ نەزىرىگە ئېلىنمايدىغان بولسۇن يۇقىرقى تۆت سۈپەت تېپىلسىلا پايدا ئالغان- ئۇتۇق قازانغان- نىجاتلىققا ئېرىشكەن ئادەم ماناشۇ ئادەمدۇر. ئاللاھ تائالا مەزكۇر سۈرىدە تۆت سۈپەتنى ئىخچام، ئىنتايىن ئۇچۇق بىرشەكىلدە بايان قىلىپ « زامان بىلەن قەسەم» دەپ باشلىدى. ئاللاھ تائالانىڭ سۈرىنى قەسەم بىلەن باشلىغانلىقى، بايان قىلىۋاتقان تۆت ئەمەلنىڭ بىر بىرىدىن ئايرىلماس دەرىجىدە مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. شۇ نەرسە ئايدىڭكى نىجاتلىق پەقەت ۋە پەقەت شۇ تۆت خىل ئەمەللەرنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىنى تەقەززا قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن بىرەرسى كەم بولسا نىجاتلىق بولمايدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قۇرئان كەرىم پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى - ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان ئىلاھى كالامدۇر. قۇرئاننىڭ مەزمۇنى، ئىپادىلەش ئۇسلۇبى، بالاغەت ۋە پاساھەتتە ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيەدە ئەلبەتتە. ئەمما بۇ سۈرىدىكى مەزمۇنلار ئاممىباب ئۇسۇلدا بايان قىلىنغان بولۇپ، مەزمۇنىنى چۈشىنىش تولىمۇ ئاسان. ئەرەپ تىلى ۋە گىرامماتىكىسىدىن باشلانغۇچ سەۋىيىدىكى تالىپلارمۇ سۈرىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنەلىشى تامامەن مۇمكىن. قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنىشى ئىنسانىيەتنىڭ توغرا يول تېپىشى، دۇنيا - ئاخىرەتتە سائادەت تېپىشى ئۈچۈندۇر. بۇ مۇبارەك سۈرىدە ئىنساننىڭ توغرا - ھەق يولدا مېڭىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان تۆت ئەمەل بايان قىلىنغان بولۇپ، قىسقىچە ئېيتقاندا قۇرئاننىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ساھابىلار ئۆز ئارا ئۇچراشقاندا بىر- بىرىگە بۇسۈرىنى ئوقۇپ بېرىپ(تەۋسىيە قىلىپ) ئاندىن ئايرىلىدىغان گۈزەل ئەخلاق شەكىللەنگەن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىككى كىشى ئۇچراشقاندا بىرى يەنە بىرىگە ئەسر سۈرىسىنى ئوقۇپ بەرمەستىن ئايرىلمايتى)[17]

بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن مەزكۇر سۈرىنىڭ مەزمۇنىنىڭ ناھايىتىمۇ چوڭقۇر ۋە موھىم ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ھەزرەتى ئىمامى شاپىئى بۇ سۈرە توغرىسىدا شۇنداق ئېيتقان ئىكەن « ئەگەر كىشىلەر پەقەت مۇشۇ سۈرىنىڭ مەنىسىنى چۈشۈنۈپ تەپەككۇر قىلىشقان بولسا، توغرا يول تېپىشلىرى ئۈچۈن بۇ سۈرە يېتەرلىك ئىدى» مانا بۇلار مەزكۇر سۈرىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە خۇسۇسىيىتىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنىڭ بىرىنچى

17 تەبرانى- موئجەم ئەۋسەتتە، بەيھەقى- شۇئبى ئىماندا نەقىل قىلىنغان.

ئايەتنى قەسەمنى ئىپادىلەيدىغان ئەرەب تىلىدىكى «و» ھەرپى بىلەن باشلىدى (زامان بىلەن قەسەم)، ئىككىنچى ئايەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئىپادىلەيدىغان ئەرەب تىلىدىكى ئالدى قوشۇمچى «ان» بىلەن باشلىدى، ئىككىنچى ئايەتنىڭ ئىككىنچى كەلىمىسىگە قاتتىق تەكىتلەش ئۈچۈن كېلىدىغان، ئەرەب تىلىدىكى «ل» ھەرپىنى كەلتۈردى. يەنى ئىنسانلار ھاياتىدا ( زىكىر قىلىنغان تۆت ئەمەلنى ئەمەلىيەتتە ئورۇندىمىسا ) ھەقىقەتەن زىيان ئۈستىدە، ھالاكەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىنىڭ مۇھەققەقلىكىنى قەيت قىلدى. دېمەككى ئىنساننىڭ نىجاتلىقىغا ئېرىشىشى، ئاخىرەتنىڭ ھالاكىتىدىن - دوزاختىن قۇتۇلۇشى، پەقەت ۋە پەقەت ئاشۇ تۆت ئەمەلنى ئورۇنداش بىلەن بولىدىغانلىقى، ئۇنداق بولمىغاندا چوقۇم ھالاكەتتە قالىدىغانلىقى ئىنتايىن ئوچۇق، جانلىق شەكىلدە بايان قىلىنغان. يەنى ئىنسان ھاياتىدا ھەققى ئىمان، ياخشى ئەمەل، ئۆز ئارا ھەقنى تەۋسىيە قىلىش، بۇ يولدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارغا سەۋرە قىلىشقا تەۋسىيە قىلىش قاتارلىق ئەمەللەر بولمايدىكەن، چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ ئاخىرەتتە ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ - دە، دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ كېتىدۇ.

بۇ يەردە تەكىتلەشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر نوقتا بار، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە زىكىر قىلغان تۆت تۈرلۈك ئەمەلنى تولۇق ئورۇندىغانلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب - كىتاپتا نەتىجىلىك بولۇپ، ئەھلى جەننەتلەرنىڭ توپىغا قېتىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ مەھشەر كۈنىدىكى ئىمتاھاندىن ئۆتۈپ، جەھەننەمدىن قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ تۆت سۈپەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ناھايىتىمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ئەڭ ئالى جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالمىدى. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشىمىز لازىمكى، قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب - كىتاپتا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى قۇتۇلۇش، (يەنى ئەڭ تۆۋەن نومۇر سىزىقى) مەزكۇر تۆت ئەمەلگە باغلىق بۇ تۆت ئەمەلنى ئورۇندىمىغان كىشىنىڭ ئەھلى جەننەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدىغانلىقىنى قەتئىيلىك بىلەن بايان قىلغان. ئەگەر مەزكۇر تۆت ئەمەلنى بىجا كەلتۈرگەنلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى مەرتىۋىسى ناھايىتىمۇ يۇقىرى، دېيىلگەن بولسا، ئۇ ۋاقىتتا بۇ تۆت ئەمەلنىڭ بەزىسىنى ئورۇنلاپ، بەزىسىنى ئورۇندىيالماي قالساقمۇ، جەھەننەمدىن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىمىز بارئىكەن دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن ئىدى. ھاسىل كالام جەھەننەمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەڭ ئەقەللىسى بۇ تۆت ئەمەلنىڭ تولۇق ئورۇندىلىشى شەرت. ئەمما كۆپىنچىمىزنىڭ قارىشىدا ئىمان ئېيتقان كىشى ناماز قاتارلىق بەزى ئىبادەتلەرنى قىلساق جەننەت دەرۋازىلىرى بىزگە ئوچۇق دەپ ئويلايمىز. ھەتتاكى بەزىلىرىمىز چىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىمان بولسىلا جەننەتكە كىرەلەيمىز دەيدىغان يۈزەكى قاراشتىكىلەرمۇ بار. ھەر بىر مۆئمىن - مۇسۇلمان كىشى بۇ سۈرىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشۈنۈپ تەپەككۇر قىلىشقان بولسا ئىدى، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن بىرگە ئۆز ئارا ھەقنى، سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشنىڭمۇ ئىنتايىن زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولاتتى.

سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدە ئاللاھ تائالا «زامان» بىلەن قەسەم قىلدى، بۇ يەردە كەلگەن «ئەسر» كەلىمىسىنىڭ، زامان، دەۋر، ۋاقىت، ئەسر ۋاقتى، ۋە تىز ئۆتىۋاتقان ۋاقىت... قاتارلىق نۇرغۇن مەنىلىرى بولۇپ، ئۆتكەن زامان - دەۋرنىڭ ھەر بىر سۆز - ھەرىكىتىمىزگە گۇۋاھ بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا ناھايىتىمۇ تىزلىكتە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كۈن پېتىش ئالدىدىكى ئەسر ۋاقتىنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلىش، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكنى تەكىتلەيدۇ. دېمەككى يۈرىكىمىزنىڭ ھەر بىر سوقىشى، بىزگە ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىنى، ھېساپ - كىتاپ بېرىش ئۈچۈن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا توپلىنىدىغان ۋاقىتنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

سۈرىنىڭ ئۈچۈنچى ئايىتىدە ئاللاھ تائالا نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ بىردىن بىر يولى بولغان، ئىمان، ياخشى ئەمەللەر، ھەقنى تەۋسىيە قىلىش، سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشتىن ئىبارەت تۆت ئەمەلنى بايان قىلىپ، ئىماننى باشتا زىكرى قىلدى. چۈنكى ئىمان بولمايدىكەن، ئەمەللەرنىڭ ۋەزنى - ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

1 - ئىمان دېگەن نېمە؟ بىز ئاللاھقا چىن قەلبىدىن ئىشىنىشنى ئىمان دەپ ئاتايمىز ئەلبەتتە. مەنىسى: - ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە قايتا تىرىلىش، مەھشەردىكى ھساب - كىتاب، ئاخىرەتتىكى جازا ۋە مۇكاپات، جەھەننەم ۋە جەننەتتىن ئىبارەت ئىنسان ئەقىل ۋە تۇيغۇنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئىدراك قىلالمايدىغان، ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى - پەيغەمبەرلەر خەۋەر قىلغان ئىشلارنى تەستىقلاپ ئىشىنىشنى ھەقىقى ئىمان دەپ ئاتايدۇ.

ئىنسان شاھادەت كەلىمىسىنى تىلى بىلەن ئېيتىپ، چىن قەلبىدىن تەستىق قىلىش بىلەن ئىمان ئېيتقان بولىدۇ، ھەر قانداق بىر كىشى ( ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى) دېگەن سۆزنى تىلى بىلەن دېسە، ئۇ كىشى مۇسۇلمان توپلۇمىنىڭ بىر ئەزاسى ھېساپلىنىدۇ. مەزكۇر كەلىمە ئۇ كىشىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئەمەلىيىتىدە تەسىر كۆرسەتكەندە ھەقىقى مۆئمىن ھېساپلىنىدۇ. دېمەككى تىلى بىلەن دەپ قەلبىدە تەستىقلاش ماسلاشقاندا ئىمان مېۋە بېرىشكە باشلايدۇ - دە، سۆز ۋە ھەرىكەتتە ھەق بىلەن ناھەقنى، راس بىلەن يالغاننى،

ئىدراك قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ كالامى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى ھەرىكەت مېزانى قىلىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ.

ھەركىم كۆيۈپ باقمىغان تەقدىردىمۇ ئوتنىڭ كۆيدۈرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئوتقا يېقىن يولىمايدۇ. بىز بولساق، ئاسى - گۇناھكارلارنىڭ قىيامەتتە جەھەننەمگە تاشلىنىپ، ئوتتا ئازاپلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز( ئىمان ئېيتىمىز) ئەمما شۇ ئوتقا تاشلىنىپ ئازاپلىنىشقا سەۋەپ بولىدىغان يامان ئىشلاردىن ھەزەر قىلمايمىز. مانا بۇ ئىماننىڭ قەلبىمىزدىن ئورۇن ئالمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ھەقىقى مۆئمىننىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن كامىل مۆئمىن ھېساپلانمايدۇ.

2 - ياخشى ئەمەل ياخشى ئەمەل دېگەن: - ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بۇيرىغان ئىشلارنى قىلىش، توسقان ئىشلاردىن چەكلىنىشتۇر. ئاللاھ تائالا ياخشى ئەمەللەرنى بايان قىلىپ، سۈرە بەقەرىنىڭ - 177ئايىتىدە شۇنداق ئېيتىدۇ: ﴿ سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا(يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش - ئەقرابالارغا، ئىبنى سەبىللەرگە(يەنى پۇل - مىلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل - مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇللۇققا، كېسەللىككە ۋە( ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار ( يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر﴾

نەزىرىيە جەھەتتىن ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەل ئايرىم ئۇقۇمدەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە بىربىرىدىن ئايرىلمايدىغان بىرى بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغاندۇر. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىدىن كۆرۈۋالالايمىز (( زىناخور مۆئمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ، ئوغرى مۆئمىنلىك ھالىتىدە ئوغۇرلۇق قىلمايدۇ، ھاراقكەش مۆئمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ)) بۇ ھەدىسنى ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان[18]

بۇ ھەدىس بىزگە، ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ قەلبىدە ھەقىقى ئىمان بولىدىكەن، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېسابقا تارتىلىشقا ئىشىنىدىكەن، بۇنداق گۇناھ ئىشنى قىلمايدۇ دېگەن ھەقىقەتنى بىلدۈرىدۇ. ئاددى بىر مىسال ئالساق؛ يېرىم كېچىدە ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقان شوپۇر، ئەتراپ جىمجىت، ئۇڭ - سولدا ھېچبىر ماشىنا يوق، ئەمما قىزىل چىراق يېنىقلىق ھالەتتە چىراققا قارىماستىن مېڭىشقا پېتىنالامدۇ؟

---

١٨ بۇخارى/ كىتابۇلھۇدۇد، مۇسلىم/كىتابۇل ئىمان

ھەرگىز پىتىنالمايدۇ.

چۈنكى دوقمۇشلارغا كۆزنەك ئورنىتىلغان، جەرىمانە تۆلەشتىن، نومۇر تارتىلىشتىن قورقىدۇ... زىناخور بىلەن ئوغرى ۋە ھاراقكەش، ئەگەر قىلىۋاتقان گۇناھىنى ئاللاھنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ خاتىرىلەپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنسە ئىدى، بۇنداق يامان ئىشلارنى قىلمايتتى. يېشىل - قىزىل چىراغلار خاتا يېنىپ قېلىشى، كۆزنەك كۆرمەي قېلىشى مۇمكىن، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ يازالماي قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا تەلىم بېرىپ ((ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى كامىل مۆئمىن بولمايدۇ...)) دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى، ساھابىلار جىددىيلىشىپ، «يا رەسۇلەللاھ كىم ئۇ كامىل مۆئمىن بولمايدىغان؟» دەپ سوراشتى. رەسۇلۇللاھ جاۋاپ بېرىپ شۇنداق ئېيتتى((خوشنىسىنى خاتىرجەمسىز قىلغان ئادەم[19]))

ئەنەس رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى رەسۇلۇللاھ خۇتبە ئوقۇغاندا كۆپىنچە مۇنداق دەيتى((ئامانەتنى ساقلىيالمىغان ئادەمنىڭ ئىمان يوق، ئەھدىگە ۋاپا قىلمىغان ئادەمنىڭ دىنى يوق))

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەر ياخشى ئىشنىڭ پەقەت ناماز بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى، سەممىيەت، راستچىللىق، مېھرىبانلىق، ئەپۇچانلىق ۋە سەۋرچانلىقتىن ئىبارەت، كىشىلىك ھاياتتا كەم بولسا بولمايدىغان گۈزەل ئەخلاقلارنىڭمۇ ياخشى ئەمەل - ئىبادەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەككى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى جاندىل بىلەن ئورۇنداش، ئۇرۇق - تۇققان، خوشنا - خولۇملار ئارا ئىتتىپاق ئۆتۈش، ئۆز ئارا كۆيۈنۈش، ئۆز ئائىلىسى ۋە ۋەتىنىنى قوغداش، ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ غەلبىسى ئۈچۈن جېنىنى مېلىنى پىدا قىلىش... قاتارلىق ئەمەللەر يۇقىرىقى ئەسىر سۈرىسىدە زىكرى قىلىنىۋاتقان ياخشى ئىش - سالىھ ئەمەللەردىندۇر.

3 - ھەقنى تەۋسىيە قىلىش ئەرەب تىلىدىكى «ھەق» سۆزى: ھەققى راس - توغرا، ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغان، مەۋجۇتلۇقىنى ئەقىل ئېتىراپ قىلغان، ئەخلاقى جەھەتتىن توغرا ۋە غايە - نىشانى ئېنىق... دېگەندەك كۆپ ئوقۇملارنى ئىپادىلەيدۇ.

«تاۋاسى - تەۋسىيە» سۆزى ئەرەپ تىلىدا ئۆز ئارا تەۋسىيە قىلىش، تەكىتلەش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ھەقنى تەۋسىيە قىلىش ناھايىتى كەڭرى ئوقۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن يولدا توپ ئويناۋاتقان بالىغا: بالام توپنى كەڭرى يەردە ئويناڭ، بۇ يەردە توپ تەپسىڭىز باشقىلارنىڭ ئەينەكلىرىنى چېقىپ قويىشىڭىز

19 بۇخارى/كىتابۇلئاداب، مۇسلىم كىتابۇلئىمان

مۇمكىن دەپ بالىغا نەسىھەت قىلغىنىمىز ھەقنى تەۋسىيە قىلىشدۇر. ئاتا - ئانىسىنى قاخشاتقان بالىغا، ئاتا ئانىسىنى ھۆرمەتلەش ھەققىدە نەسىھەت قىلغىنىمىزمۇ ھەقنى تەۋسىيە قىلغانلىقتۇر. باشقىلارنىڭ پۇلىنى يەۋالغان ئادەمگە نەسىھەت قىلىپ، ياكى بېسىم ئىشلىتىپ زىيانلانغۇچىنىڭ پۇلىنى بېرىشنى تەلەپ قىلغىنىمىزمۇ ھەم ھەقنى تەۋسىيە قىلغانلىقتۇر. كائىناتنىڭ ئىگىسى ئاللاھدۇر. ئاسمان زېمىن ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر. زېمىندا ئاللاھنىڭ ھۆكمى ئىجرا قىلىنىشى كېرەك، ئاللاھنىڭ قانۇنى بىلەن ئەدلى - ئادالەت بەرپا قىلىنىشى لازىم دەپ جاكارلاپ شۇ يولدا كۆرەش قىلغىنىمىز بولسا ھەققى مەنىدىكى ھەقنى تەۋسىيە قىلغانلىقتۇر. ھەقنى تەۋسىيە قىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەنزىلى مانا شۇدۇر.

4 - ئۆز ئارا سەۋرى قىلىشنى تەۋسىيە قىلىش. سەۋرى قىلىش دىگەن: تائەت - ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە، رەڭگا - رەڭ دۇنيانىڭ قىزىقتۇرۇشلىرىغا، باشقا كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە كىسەللىك قاتارلىقلارغا سەۋرى قىلىش، ۋە ئاچچىقنى يېڭىش... دىگەندەك ئوقۇملارنى بىلدۈرىدۇ. مەزكۇر سۈرىدە زىكىر قىلىنغان سەۋرنى تەۋسىيە قىلىش بولسا، يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ھەقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن قىلىنغان تەبلىغ - دەۋەت يولىدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭىش، يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋرى قىلىش ۋە ئاللاھ يولىدا قىلىنغان جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە سەۋرە قىلىش دىگەنلەرنى كۆرستىدۇ.

بىرسىنىڭ ھەققىنى بەرمىگەن كىشىگە باشقىلارنىڭ ھەققىنى بېرىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان كىشىنىڭ دەككىسىنى يېيىشى، باتىل يولدا ماڭغان كىشىگە ھەق يولنى تەۋسىيە قىلغان كىشىنىڭ تەنقىت ۋەياكى تەھدىتكە ئۇچرىشى تەبئىي ئەھۋال. چۈنكى بىزدە «ھەق گەپ ئاچچىق» دىگەن ھىكمەتلىك سۆز بار. شۇنىڭ ئۈچۈن رەببىمىز بىزنى ھەقنى تەۋسىيە قىلىش يولىدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارغا چىداش ھەمدە باشقىلارنىمۇ چىدامچان بولۇشقا تەۋسىيدە بولىشىمىزنى بۇيرۇيدۇ. خۇددى ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەل بىر - بىرىدىن ئايرىلمىغاندەك، بۇ ئىككى سۈپەتمۇ بىر بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، ھەر ئىككىلىسى ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئەمەللەردىندۇر.

«ياخشى كىشى» دەپ تەرىپلەنگەن ھەرقانداق بىر ئىنسان، ھەق - توغرا سۆز ھەرىكەتنى ئۆزى قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، باشقىلارنىمۇ شۇ ياخشى ئىشقا باشلاشنى ئىسلامى - ئىنسانى بۇرچۇم دەپ قارايدۇ ئەلۋەتتە، ئاخىرقى پەيغەمبەر ئۇممىتى بولغان بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىمىزدىن بىرى، ئۆزى ياخشى كۆرگەننى باشقىلارغىمۇ ياخشى كۆرۈش، ئۆزى مەنپەئەتلەنگەندىن باشقىلارنىڭمۇ مەنپەئەتلىنىشىنى ئارزۇ قىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن بىرگە، باشقىلارنىمۇ ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش يامانلىقتىن توسۇش، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ۋە بۇرچىمىزدۇر. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك يامان ئىشتىن توسۇش جەريانىدا يولۇققان قارشىلىقلارغا چوقۇم سەۋرى

قىلىشىمىز، بۇ يولدا تەۋرەنمەي مېڭىشىمىز لازىم. يامان ئىشتىن توسۇش توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىم بېرىپ شۇنداق دەيدۇ:_ (( كىمكى يامان ئىشنى كۆرسە قولى - كۈچى بىلەن توسسۇن، كۈچى يەتمىسە ئاغزى بىلەن توسسۇن، ئۇنىمۇ قىلالمىسا قەلبىدە نارازىلىقىنى ئىپادىلىسۇن، بۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز دەرىجىسى[20])) بىز بىرەر يامان سۆز - ھەرىكەتنى كۆرگەن ھامان پۈتۈن كۈچىمىز، ۋە سالاھىيىتىمىزنى ئىشقا سېلىپ ئۇ ئىشنى توسۇشىمىز لازىم. كۈچىمىز يەتمىسە ئاغزىمىز، قەلىمىمىز ئارقىلىق توسۇشىمىز، ئۇنىڭغا ئىمكانىيىتىمىز يار بەرمىسە قەلبىمىزدە شۇ ئىشقا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، پۇرسەت كۈتۈشىمىز، قادىر بولالىغاندا چوقۇم توسۇشىمىز كېرەك. ئىمان بىزدىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى ئاللاھ تائالا ﴿ سەن ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاقتا ئىگەسەن﴾ دەپ سۈپەتلىدى. ساھابىلار مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا:_ (( سىلەر قۇرئان ئوقۇماسىلەر؟ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى)) دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 23 يىللىق ئەلچىلىك ھاياتىدا ۋەزىپىسىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كامىل ئورۇنداپ، گۈزەل ئەخلاق، ئەقىل - پاراسەت، سەممىيەت، چىدامچانلىق، مېھرىبانلىق... قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە بىزگە ئۈلگىلىك رولىنى ئالدۇرۇپ كەتتى. قەدىردان پەيغەمبىرىمىز

دەۋەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، مەككىدە كېچىلىرى ئۆيمۇ - ئۆي بېرىپ، خەۋپكە، ھىرىش - چارچاشقا قارىماستىن مەخپىي دەۋەت ئېلىپ باراتتى، ئاشكارا دەۋەتنى قانات يايدۇرغاندا، جەمەتلىرى بىلەن بىرلىكتە، يىللارچە سۇ سىز گىياھسىز چۆللەردە قاتتىق مۇھاسىرىنىڭ ئازابىنى تارتىپ تۇرۇپمۇ ۋايساپ باقمىدى. جاھىلىيەت دەۋرىدە كاپىر تۇققانلىرىغا ياتلىق بولغان قىزلىرى تالاق قىلىنىپ ھەيدىلىپ، ئىززەت - ئابرويى دەخل - تەرىزگە ئۇچرىغاندىمۇ ئىككىلىنىپ قالماستىن دەۋەتنى داۋاملاشتۇردى. تائىپ كوچىلىرىدا چالما كېسەك قىلىنىپ قوغلانغاندا ئىرادىسى تەۋرىنىپ قالمىدى... بىز شۇ ئىرادىلىك زاتنىڭ ئۈممەتلىرىمىز. قۇرئان ۋە سۈننەت تەلىماتلىرىنى ئۆزىمىزگە يولباشچى قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، تەۋرەنمەستىن، ۋايسىماستىن، بوشاشماستىن دەۋەتنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسۇپ، يەر يۈزىدە ئىلاھى قانۇن - نىزام بويىچە ئەدلى - ئادالەتنىڭ ئورنىتىلىشى ئۈچۈن، مىلىمىزنى جېنىمىزنى پىدا قىلالايدىغان روھقا ئىگە بولغىنىمىزدا ئاللاھ تائالانىڭ «ياخشى ئۈممەتسىلەر» دەپ ماختىغان شەرەپلىك نامىمىزغا يۈز كىلەلەيمىز، ۋە ئاخىرەتتە رەسۇلۇللاھقا خاس قىلىنغان كەۋسەر بۇلىقىدىن ئىچەلەيمىز. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى تىلىمىز - دىلىمىز - سۆزىمىز - ۋە ھەرىكىتىمىزدە بىر، مۆمىن - مۇسۇلمانلاردىن بولۇشىمىزغا مۇۋەپپەق قىلغاي. ئامىن!

---

20 سەھى مۇسلىم/كىتابۇلئىمان



# سۇلتان سۇلايمان قانۇنىي

ئابدىرېھىم ئەمىن

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بۈيۈك ئىمپېراتورلارنىڭ بىرى، ئوسمانىيلار تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر سۇلتان، گېرمانىيەلىك تارىخشۇناس ھالمىر: «سالاھىددىن ئەييۇبىيدىنمۇ خەتەرلىك» دەپ سۈپەتلىگەن، غەرب دۇنياسىدا (Suleyman The Great) «بۈيۈك سۇلايمان» دەپ تونۇلغان، ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى جىھاد بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇجاھىد ۋە شائىر سۇلتان سۇلايمان بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

سۇلتان سۇلايمان 1494 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ترابزوندا دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ تۇغۇلغاندا دادىسى سۇلتان سەلىم، ترابزوننىڭ ۋالىيسى بولۇپ، ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئىلىمگە ھېرىسمەن، ئالىملارنى ھۆرمەتلەيدىغان كىچىك پېئىل قىلىپ تەربىيەلەيدۇ.

سۇلتان سەلىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، 1520 ـ يىلى 22 ـ سېنتەبىر كۈنى، سۇلايمان 26 يېشىدا تەختكە چىقىدۇ.

سۇلتان سۇلايمان «قانۇنىي» تەختكە چىقىپ دىن، ئىرق ۋە مەنسەپكە قارىماستىن ھەممىگە ئوخشاش ئادالەت بىلەن قانۇن يۈرگۈزىدۇ. شۇنداقلا شەيخۇل ئىسلام مۇپتى ئەبۇسسۇئۇد ئەپەندىنىڭ يېتەكلىشىدە قۇرئان ـ ھەدىسنى ئاساس قىلغان «قانۇنى ئوسمانى» ناملىق ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «قانۇنىي» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قانۇن ئوسمانىيلار دۆلىتىدە ئۈچ يۈز يىل دۆلەت قانۇنى قىلىپ ئىجرا قىلىنىدۇ...

ياۋروپا پادىشاھلىرى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇستەقىللىق چۈشىنى كۆرۈۋاتقان بىر قىسىم ھاكىملار، 26 ياشلىق، بۇ ياش سۇلتاننىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن ناھايىتى خۇرسەن بولۇشىدۇ.

دەمەشقتە جانبەردى غەززالى مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، سۇلتانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ. مىسىردا ئەھمەد باشا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىدۇ. كونيا ۋە ماراشتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قەلەندەر چەلەبى باشچىلىقىدىكى شىئەلەردىن تەركىب تاپقان 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن سۇلتانغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. سۇلتان سۇلايمان بۇلارنى ناھايىتى تېزلا چېكىندۈرۈپ تامار قىلدى.

سۇلتان سۇلايمان ياۋروپا پادىشاھلىرىغا، ئۆزىنىڭ يېگى سۇلتان ئىكەنلىكىنى ۋە ئاتىسى سۇلتان سەلىم دەۋرىدىكىگە ئوخشاش باج تاپشۇرۇشنى ئۇقتۇرۇپ خەت ئەۋەتتى. ياۋروپانىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدىغان مەجەر مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى لويىس ئىككىنچى، سۇلتان ئەۋەتكەن ئەلچىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، باج تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. سۇلتان سۇلايمان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يۈزمىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، ياۋروپانىڭ كىرىش ئېغىزى بولغان بېلگىراد شەھرىگە يۈرۈش قىلدى.

بېلگىراد ھازىرقى سېربىيەنىڭ پايتەختى بولۇپ، ياۋروپا دۆلەتلىرىگە كىرىشتىكى مۇھىم شەھەر ئىدى. ئىلگىرى سۇلتان مۇھەممەد فاتىھ ئازاد قىلىشقا كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ، ئېغىر يارىلىنىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان ۋە «ئى ئاللاھ! بۇ شەھەرنى مېنىڭ ئەۋلادلىرىمدىن بىرىنىڭ قولى بىلەن ئازاد قىلغىلى نېسىپ قىلغىن» دەپ دۇئا قىلغان.

1521 - يىلى سۇلتان سۇلايمان ۋە سەدىر ئەزەم باشچىلىقىدىكى بۈيۈك ئىسلام قوشۇنى بېلگىراد شەھرىنى ئازاد قىلدى. بېلگىرادنىڭ ئازاد قىلىنىشى ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. سۇلتان ئەلچىنى ئۆلتۈرۈپ باج تاپشۇرۇشنى رەت قىلغان مەجەر پادىشاھلىقىغا ئۇرۇش ئېچىش ئۈچۈن، بېلگىراد شەھرىنى بازا قىلىپ تەييارلىقنى باشلايدۇ. 100000 كىشىلىك قوشۇن 800 پاراخوت ۋە بىر نەچچە زەمبىرەك بىلەن 128 كۈندە مىڭ كىلومېتىر يولنى بېسىپ مەجىرگە يېقىن جايدىكى ئۇرۇش مەيدانىغا يېتىپ كېلىدۇ. پادىشاھ لويىس ئىككىنچى 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تەييارلىنىدۇ.

ئوسمانىيلار قوشۇنى كۈچ - قۇۋۋەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن 1526 - يىلى 26 - ئاۋغۇست، 400 يىلدىن كۆپ ھۆكۈم سۈرگەن مەجەر مەملىكىتىنى كۆپ تالاپەت تارتمايلا تارىخ بېتىدىن ئۆچۈردى. بۇ ئۇرۇش «موھاچ ئۇرۇشى» دەپ ئاتىلىدۇ. فىرانسىيەلىك تارىخشۇناس ئېرنىست لافىست بۇ ئۇرۇشنى سۈپەتلەپ: «تارىخ، موھاچ ئۇرۇشىدەك ئۇزۇن يىللىق تارىخى بار دۆلەتنى، بىر قېتىمدىلا يوقىتىۋەتكەن ئۇرۇشنى كۆرمىگەن» دەيدۇ.

بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن پۈتۈن ياۋروپا پادىشاھلىرى بەس - بەستە زەپەرنى قۇتلۇقلاپ، سۇلتان سۇلايمانغا تەبرىك خېتى ئەۋەتىشىدۇ ۋە باجلارنى ۋاقتىدا تاپشۇرىدۇ.

1536 - يىلى سۇلتان سۇلايمان باغدادتا، ئەھلى سەلىپلەر بىلەن سۇلتانغا

قارشى مەخپىي ھەمكارلىق ئورناتقان شىئەلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ، باغدادنى ئىسيانكار شىئەلەردىن تازىلاپ، ئوسمانىيلار تەۋەلىككە ئۆتكۈزۈۋالدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى 2003 - يىلى ئامېرىكا - ئىراق ئۇرۇشىغا قەدەر، باغدادقا شىئەلەر ھۆكۈمران بولالمايدۇ.

سۇلتان سۇلايمان ھۆكۈم سۈرگەن 46 يىل ئىچىدە، ئۆزى باش بولۇپ 13 قېتىم چوڭ ئۇرۇش قىلدۇ، 360 قورغان ۋە قەلئەنى ئازاد قىلدۇ. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئوسمانىيلار تەۋەلىكى ئافرىقا، ئاسىيا ۋە ياۋروپاغىچە كېڭىيدۇ. 1546 - يىلى (يەمەندىكى) تەئىز قەلئەسى، ئومان، قاتار ۋە ئەھسا شەھەرلىرى ئوسمانىيلار تەۋەلىكىگە ئۆتىدۇ. بۇ ئوسمانىيلار تارىخىدىكى زېمىن جەھەتتە ئەڭ چوڭايغان دەۋر بولۇپ، ھازىرقى ئوتتۇز دۆلەتنى ئۆز تېررىتورىيەسى ئىچىگە ئالغان ئىدى.

گوللاندىيە ئىسپانلارغا قارشى ئۇرۇشتا، سۇلتان سۇلايماندىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. سۇلتان سۇلايمان ئوسمانىيلار پىيادىلەر قوشۇنى فورمىسىدىن 40 يۇرۇش ئەۋەتىپ، گوللاندىيە ئەسكەرلىرىگە كىيدۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ. ئىسپانلار ئوسمانىيلارچە كىيىنگەن ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ، «ئوسمانىيلار ياردەمگە كەپتۇ» دەپ ئويلاپ، گوللاندىيەگە 30 يىل ھۇجۇم قىلالمايدۇ.

سۇلتان سۇلايمان دۆلەتنى ئەسكىرىي جەھەتتىلا ئەمەس، ئىلمىي جەھەتتىمۇ تەرەققىي قىلدۇردۇ. كۆپ ساھەلەردە يېتىلگەن، تۇنجى تۈتۈن بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان موتور، ئۈچ قاناتلىق يانچۇق ۋە تام سائىتىنى ئىجاد قىلغان بۈيۈك ئالىم تەقىيددىن شامىيمۇ مۇشۇ دەۋردە ياشايدۇ.

سۇلتان سۇلايمان «قانۇنىي» شائىر ۋە تالانتلىق خەتتات بولۇپ، ئەرەب، تۈرك ۋە پارس تىللىرىدا يازغان شېئىرى 2779 پارچىغا يېتىدۇ. قۇرئان كەرىمنى 8 قېتىم ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرگەن.

سۇلتان بىناكارلىق ۋە مىمارچىلىققا ئىنتايىن قىزىقاتتى ۋە مەرمەر تاشلارنى بىر قاراپلا پەرقلەندۈرەلەيتتى. ئۇنىڭ دەۋرىدە بىناكارلىق ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، مىمارچىلار ئۇستازى مەشھۇر ئىنژېنېر مېمار سىنان دەل مۇشۇ دەۋردە ياشىغان. شۇنداقلا «سۇلتان سۇلايمان جامەسى»نى سۇلتاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن مېمار سىنان بىنا قىلغان.

سۇلتان سۇلايمان ئالىملارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىغان كىشى بولۇپ، ھەربىر ئىشنى شەيخۇل ئىسلام مۇپتى ئەبۇسسۇدنىڭ پەتىۋاسى بىلەن قىلاتتى.

سۇلتان سۇلايمان ئاخىرقى كۈنلىرىدە بوغۇم ياللۇغى سەۋەبىدىن ئات مىنەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ

دۈشمەنلرىنڭ ئالدىدا كۆچنى كۆرستىش ئۈچۈن، ئۇرۇشتىن قالمايدۇ. هابسبۇرگ پادىشاهنڭ مۇسۇلمانلارنڭ چېگراسغا هۇجۇم قلغانلقنى ئاڭلاپ، ياشنىپ قالغىنغا قارىماي ئۆزى باش بولۇپ ئۇرۇشقا ئاتلنىدۇ. خۇسۇسي دوختۇرى سالامەتلكنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ قېتم ئۇرۇشقا چىقماسلقنى تەۋسيە قلغىنىدا: «مەن غازى هالتىمدە جان ئۈزۈشنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ ئۇرۇش 1566 - يىلى باشلىنىپ، بەش ئاي داۋاملىشىدۇ. ئوسمانىيلاردىن 20 مىڭ ئەسكەر شەهد بولغان بولسىمۇ، ئۇرۇش ئاخىرىدا مۇسۇلمانلارنڭ غەلبىسى بلەن ئاياغلىشىدۇ. سۇلتان سۇلايمان ئۇرۇش غەلبىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، سىكتىۋاردىكى چېدىرىدا 1566 - يىلى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۆز ئەجلى بلەن ۋاپات بولىدۇ. ئەسكەرلەر سۇلتاننڭ جەستىنى ئېلىپ ئىستانبۇلغا قايتىدۇ.

دەپنە قلىنىشتىن ئىلگىرى، خىزمەتچىلەر سۇلتاننڭ هايات ۋاقتىدىكى تەۋسيەسى بويىچە بىر ساندۇقنى بىرگە كۆمەكچى بولىدۇ. ئالىملار ئەگەر ئىچىدە ئالتۇن - كۈمۈش بولۇپ قالسا، بىرگە كۆمۈشنڭ توغرا ئەمەسلكنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ساندۇقنى ئېچىپ كۆرۈپ بېقشنى قارار قلىدۇ.

شەيخۇل ئىسلام ئەبۇسسۇد ساندۇقنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ساندۇقنىڭ سۇلتان قلغان هەربىر ئىشىدا شەيخۇل ئىسلامدىن سورىغان پەتىۋا قەغەزلىرى بلەن توشقانلقنى كۆرىدۇ. شەيخۇلئىسلام: «ئى سۇلايمان، سەن ئۆزۈڭنى قۇتۇلدۇردۇڭ. ئەگەر مەن خاتا پەتىۋا بېرىپ قويغان بولسام، قانداقمۇ قلارمەن؟!» دېگىنىچە يىغلاپ كېتىدۇ.

مەنبەلەر: جىهات تۇربارنىڭ: 100 مەشهۇر شەخس

سۇلايمان قانۇنى تەرجىمىهالى: راغىب سەرجانى

تۈرك تىللار دىۋانى" دىكى ماقال - تەمسىل ۋە هېكمەتلىك سۆزلەر:

◄ قۇش قانتى بلەن، ئەر ئېتى بلەن.

◄ ئىم بلسە، ئەر ئۆلمەس (ئىم: هەربى پارول)

◄ قىز بلەن چېلىشما، تۇغماس بايتال بلەن چېپىشما

◄ ئېرىنچەككە بوسۇغىمۇ داۋان كۆرۈنەر

◄ ئوت دېگەنگە ئېغىز كۆيمەس

◄ زامان ئۆتەر، كىشى تۇيماس. ئادەم بالىسى مەڭگۈ قالماس.



# هېيت بولمىدى

مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت

(دادامغا)

تاغىم ئىدىڭ يۈكسەك بەھەيۋەت ،
ئايرىلىپ مەن يوقالدى غەيرەت .
هېيت كەلسىمۇ يۈرەكلەردە دەرت ،
هېيت بولمىدى بىزگە جان دادام .

بۇلۇت ئىدىڭ سايە تاشلىغان ،
ئەۋلاد ئۈچۈن كۆزىن ياشلىغان ،
ئەمدى ھىجران يۈرەكتە پىغان ،
هېيت بولمىدى بىزگە جان دادام .

دېڭىز كەبى كەڭرى بىپايان ،
مېھرىڭ ، قەھرىڭ ھەممىگە ئايان .
سەنسىز قانداق ئاشاي مەن داۋان ؟
هېيت بولمىدى بىزگە جان دادام .

كۆلكە تامار دائىم چېھرىڭدىن ،
دىل باغلانغان سېنىڭ سېھرىڭدىن .
بەخت تاپقان چەكسىز مېھرىڭدىن ،
هېيت بولمىدى بىزگە جان دادام .

يۈز كۆزۈڭنى قورۇقلار باسقان ،
ئەۋلادىم دەپ ياشلىقىڭ قاچقان .
سەنسىز ئۆينى تۇمانلار باسقان ،
هېيت بولمىدى بىزگە جان دادام .

بىزلەر ئۈچۈن قەددىڭ ئىگىلگەن ،
قەلب رىشتىڭ مەھكەم چىگىلگەن .
ئوقۇ دەيتتىڭ ئۆگەنگىن ئۆگەن ،
هېيت بولمىدى بىزگە جان دادام .

تۆگە تايلاق ئېتىپ ئوينىغان ،
كۆلۈپ بەرسەم دىلى يايرىغان .
قانداق دۈشمەن بىزنى ئايرىغان ؟
هېيت بولمىدى بىزگە جان دادام.

داستىخانغا كەلسە بال - ناۋات ،
ئۆيىمىز گەر بولسىمۇ ئاۋات .
لېكىن سەن يوق ئالەم بىزگە يات ،
هېيت بولمىدى بىزگە جان دادام .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياشانغاندا بولۇپ خىزمەتتە،
ماڭا مۇھتاج بولغان شۇ پەيتتە .
بولالمىدىم، قەلبىم ھەسرەتتە ،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان دادام .

جېنىم دادا قاچان كۆرەرمەن ؟
پىشانەڭگە قاچان سۆيەرمەن ؟
ئىچ ـ ئىچىمدىن قاچان كۈلەرمەن ،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان دادام

(قېرىندىشىمغا)

قېرىندىشىم تۇغقىنىم ئۇكام،
بارچە ئىنسان بولسىمۇ سەن كام .
بارلىقىم سەن يوق مېنىڭ ئاكام،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان ئۇكام .

ئۇزاتقانتىڭ چىرايلىق كۈلۈپ ،
ئېلىپ بىراق يۈرەكنى يۇلۇپ .
يۈرەكسىز تەن كەتتىغۇ قۇرۇپ،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان ئۇكام .

ياتقان ئىدۇق ئەينى قورساقتا .
چوڭ بولغىچە ئوخشاش ياتاقتا .
ئەمدى سەن مەن نەدە قاياقتا ؟
ھېيت بولمىدى بىزگە جان ئۇكام .

نەدە بولساق بەربىر تۇغقان،
چەكسىز مېھرىڭ ئانامدىن يۇققان.
جان ئەزىزىم بىر بىزدىكى قان ،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان ئۇكام .

ئۇڭ كۆزۈمنىڭ قارىسى ئىدىڭ،
يۈرىكىمنىڭ پارىسى ئىدىڭ.
مۇشكۈلاتنىڭ چارىسى ئىدىڭ .
ھېيت بولمىدى بىزگە جان ئۇكام .

بىرى ئىدىڭ ئىككى قولۇمنىڭ،
نۇرى ئىدىڭ باسقان يولۇمنىڭ.
غەمگۇزارى خوشنا ـ قولۇمنىڭ،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان ئۇكام .

باستى بىزنى قاپ ـ قارا ھىجران ،
چىدىمىدى ئاڭا زەئىپ جان .
قەيەرلەردە چەككەنسەن پىغان ؟
ھېيت بولمىدى بىزگە جان ئۇكام .

ئەي مۇبارەك ئەي جان قەدىردان ،
مېھرى ئاتەش قايىنغان ۋۇلقان.
سەنسىز دۇنيا زۇلمەتكە تولغان ،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان ئۇكام .

بۇ ھاياتنىڭ ئاچچىق قىسمىتى،
قېرىنداشسىز يوقتۇر قىممىتى .

قاچان كېلەر ھۆرلۈك نېمىتى ؟
ھېيت بولمىدى بىزگە جان ئۆكام .

ھاياتمۇ سەن بىلمەسمەن پەقەت،
رەببىم ساڭا قىلغاي كۆپ رەھمەت .
نە قىسمەت بۇ باردۇر بىر ھېكمەت ،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان ئۆكام

(سىڭلىمغا)

بارمۇ سەندە ئازابلىق ئەلەم؟
يۈرەكتە دەرت، ئالدىم مەن قەلەم.
كۆك يۈزگە تاقاشتى نالەم،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان سىڭلىم.

شەھەردىمۇ ياكى كۆيدىمۇ؟
كامپىدىمۇ ياكى ئۆيدىمۇ؟
بۇ ئازابتىن يۈرەك كۆيدىمۇ؟
ھېيت بولمىدى بىزگە جان سىڭلىم.

بولالمىدىم دەردىڭگە ھەمدەم،
چۈشتى بەلكىم بېشىڭغا چوڭ غەم.
كەچۈر، سەنسىز ھاياتىم بەد تەم،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان سىڭلىم.

غەيرەتلىك بول ياشا خوش-خۇرام،
كەلمىسۇن ياش كۆزۈڭدىن تارام.
سەنسىز كۆڭۈل تاپمىغاچ ئارام،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان سىڭلىم.

پاك بىغۇبار مېنىڭ گۈل سىڭلىم،
ئىمان-ھايا سىڭگەن ئەي جېنىم.
يىلتىز تارتقاچ ساڭا چىن مېھرىم،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان سىڭلىم.

يۇلتۇز ئىدىڭ تۈندە چاقنىغان،
بۇ ھىجراننى ئويلاپ باقمىغان،
كېچە ئويلاپ كىرپىك قاقمىغان.
ھېيت بولمىدى بىزگە جان سىڭلىم.

نۇرى ئىدىڭ قارا كۆزۈمنىڭ،
ئارى ئىدىڭ قىزىل يۈزۈمنىڭ.
ئەتىۋارىم مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان سىڭلىم.

نە گۈزەلدۇر سەن بولساڭ ھايات!
سەنسىز ئالەم بولدى ماڭا يات.
كۆرۈشەلمەي كېلەرمۇ مامات؟
ھېيت بولمىدى بىزگە جان سىڭلىم.

ئەي مەزلۇمە ئاجىزە غېرىپ،
ئىمانىڭدىن كەتمە سەن يېنىپ.
ھايات دولقۇن ئۆتۈپ كەت يېرىپ،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان سىڭلىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىر كۈن ئەمەس ھامان بىر كۈنى،
ئۆچەر شۇ پەس زالىمنىڭ ئۈنى.
كېچەر ئەلنىڭ قاپقارا تۈنى،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان سىڭلىم.

(دوستۇمغا)

دوستلۇق گويا بىر گۈزەل كىتاب،
ئوقۇغانچە قىزىقتۇر ھەر باب.
تەنھالىقتىن بولدۇم مەن بىتاپ،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان دوستۇم.

زۇلمەتتىكى پارلاق قۇياشىم،
خىلۋەتتىكى سىرداش ئاداشىم.
سەنسىز قېيىپ چۆرگىلەر باشىم،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان دوستۇم.

جان ئەزىزىم ھايات سىردىشىم،
قولۇم ئىدىڭ ئاقسا كۆز يېشىم.
ئاقساق - چولاق سەنسىز ھەر ئىشىم،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان دوستۇم.

تىرناق كەبى يۇمران قولۇمنىڭ،
پاسبانى ئوڭ ۋە سولۇمنىڭ.
قۇربانى سەن باسقان زۇلۇمنىڭ،
ھېيت بولمىدى بىزگە جان دوستۇم.

تۈرك تىللار دىۋانى“ دىكى ماقال - تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر:

► قازان ئېيتۇر تۈۋۈم ئالتۇن، چۆمۈچ ئېيتۇر مەن نەدىمەن؟

► ئېگىر بولسا، ئەر ئۆلمەس. (ئېگىر: بىر خىل دورا ئۆسۈملۈك يىلتىزى، قوساق ئاغرىقىغا پايدىسى بار.)

► تۈلكە ئۆز ئىنىگە ئۈرسە، قوتۇر بولار.

► ئېغىز يېسە، كۆز ئۇيىلار.

► ئۆكۈزنىڭ ئايىغى بولغىچە، موزاينىڭ بېشى بولغان ياخشى.

► جان ئېسەن بولسا، تاڭقالارلىق ئىشلارنى كۆپ كۆرەر.

► ئوۋچى قانچە ھىلە بىلسە، ئېيىقمۇ شۇنچە يول بىلىدۇ.

► ئېغىلدا ئوغلاق تۇغۇلسا، ئېرىقتا ئوتى ئۈنەر.

► سودىگەرنىڭ ئوزۇقى ئېرىغ بولسا، يول ئۈستىدە يەر.

► ئۇچا يېغىرى ئوغۇلغا قالار.

► بارى ئالدىغا قويۇلسا، يوققا سانالماس.

► كۈندە يېرىق يوق، بەگدە يېنىۋېلىش يوق.














ئىشتىياق باغلىغان ھەۋەسكار- ئىشتىراكچى ئامما بولۇپ 300 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

ماھىرلارنىڭ ئەڭ كىچىكى 11 ياش بولۇپ، تۈرك، ئۇيغۇر ۋە ئەرەب ئۇستازلاردىن تەشكىللەنگەن باھالاش ھەيئىتى ۋە نەچچە يۈزلەرچە ئامما ئالدىدا، سورالغان سوئاللارغا تەمكىنلىك بىلەن تېز-توغرا جاۋاب بەرگەن قىز-ئوغۇل پەرزەنتلىرىمىزنىڭ جاسارىتىدىن ھاياجانلانغان ئۇستازلار ۋە ئامما ماھىرلارغا ئاپىرىن ئوقۇشتى

بىر بۆلۈك ئۇستازلار ۋە پىشقەدەم كىشىلەر بۇ پائالىيەتكە ئىجابىي باھا بەردى ۋە ھەدىس يادلاشتىن ئىبارەت بۇ يېڭىلىقتىن بەكمۇ سۆيۈنگەنلىكىنى بۇنداق پائالىيەتلىرنى داۋاملىق ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەشتى.

www.uyghurkitap.com

# ئېلى سۇلارى

چۇشسە يادىمغا ئېلى سۇلارى،
كۆز ياشلىرىمدىن قاينار بۇلاقلار.
يەتسە قۇلاققا ئاھۇ ـ مۇڭلىرى،
كۆز ياشلىرىمدىن قاينار بۇلاقلار.

قېنى ئۇ سېنىڭ ئازاد يەرلىرىڭ،
خان لەيلۇن ئېيتقان مەغرۇر ئەرلىرىڭ؟
قۇمغا سىڭدىمۇ قانۇ ـ تەرلىرىڭ،
كۆز ياشلىرىمدىن قاينار بۇلاقلار.

مالخاي قىرلىغان يىگىتلەر قېنى؛
قېنى ئالقىشقا كۆمۈلگەن غېنى؟
شۇمدى ئەلنىڭ چاڭقاپ كۆتكىنى،
كۆز ياشلىرىمدىن قاينار بۇلاقلار.

قېرىپ قاپتىمۇ غېنىكام باتۇر،
ھېلىتىنلا ـ ھە، شۇنچىلىك بالدۇر؟
ھېچ سابا تېزرەك بىر خەبەر كەلتۈر،
كۆز ياشلىرىمدىن قاينار بۇلاقلار.

تىنىمسىز سايرام چايقالمامدىكىن،
تەلكىدىن تۇمان تارقالمامدىكىن،
نىلقا ئاتلىرى چاپالمامدىكىن؟
كۆز ياشلىرىمدىن قاينار بۇلاقلار.

نىلقا ئېتىغا يوقمىكىن تاقا،
مەيلىمۇ شۇنچە يىرتىلسا ياقا؟
زۇمرەت كۆلۈمنى بۇلغىدى پاقا،
كۆز ياشلىرىمدىن قاينار بۇلاقلار.

ئاتلار دۇكۇرى، مىلتىق ئاۋازى،
ئەستىن چىقتىمۇ بۇركۈت پەرۋازى،
يوقمۇ شېھىتقا دەۋاگەر غازى؟
كۆز ياشلىرىمدىن قاينار بۇلاقلار.

ئېلى سۇلارى دولقۇنلىرىڭنى،
خويمۇ سېغىندىم ئۇپقۇنلىرىڭنى،
قاچان ئاڭلارمەن شوخ ئۈنلىرىڭنى،
كۆز ياشلىرىمدىن قاينار بۇلاقلار.

ئېلى سۇلارى تاش يەنە، بىراق ـ
ماناس كۆۋرۈكى بولمىغاي توساق،
يەتمىسە ئەمدى بۇ ئاچچىق ساۋاق،
كۆز ياشلىرىمدىن قاينار بۇلاقلار!

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان شېئىرى